# بالىڭىزنى قەدىرلەڭ

(1)



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى



ISBN 978-7-5372-4637-8

定价：10.00 元

# بالىڭىزنى قەدىرلەڭ

(1)

ئاپتورى : جۇخۇڭ
تەرجمە ئاساسدا تۈزگۈچى : قادىر راخمان



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

珍爱子女1：维吾尔文/卡德尔·热合曼编译
.—乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2009.12
ISBN 978-7-5372-4637-8

Ⅰ.①珍… Ⅱ.①卡… Ⅲ.①家庭教育—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①G78②G77

中国版本图书馆CIP数据核字（2009）第228743号

策　　划：米吉提·卡德尔
主　　编：阿迪力·穆罕默德
编　　译：卡德尔·热合曼
责任编辑：木再排尔·热扎克
责任校对：阿尔孜古丽·乌斯满
封面设计：帕提古丽·依明
封面书法：艾尼瓦尔·卡森木
出　　版：新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐市龙泉街196号
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：新疆翼百丰印务有限公司
发　　行：新疆新华书店
版　　次：2009年11月第1版
印　　次：2009年12月第1次印刷
开　　本：880×1230毫米 1/32开本 5印张 插页2
字　　数：85千字
书　　号：ISBN 978-7-5372-4637-8
印　　数：1—4000
定　　价：10.00元

发行科联系电话：(0991)2823055 邮编：830001

## مۇندەرىجە


**بىرىنچى باب ھاياتلىق توغرىسىدا بىر ھېكايە............1**

1. شەپقەتسىز دىئاگنوز قەغىزى.......................... 1
2. «گاچا» قار مەلىكە...................................... 4
3. قىزىمنىڭ دادا دەپ بىر ئېغىز چاقىرىشىغا ئىنتىزار ئىدىم....................................................... 6
4. مەن جۇڭگودىكى «داداۋماۋ» بولىمەن.................. 8
5. بۇ ياش ئەمەس، سۇ.................................... 9

**ئىككىنچى باب ئون يىللىق ئىزلار ........................ 14**

1. ھەر تاۋۇشنى نەچچە مىڭ قېتىم مەشىق قىلىش كېرەك..................................................................14
2. «پېچىنە» دېگەن سۆز بىلەن ئەقىل نۇرى چاقنىدى....17
3. خەت ئويۇنى............................................ 19
4. «يولۋاس» كەلدى..................................... 23
5. قىزىمنىڭ تەقدىرىدىكى ئۆزگىرىش.................. 26

**ئۈچىنچى باب مەقسەتسىز ئىشتىن گۆھەرنى بايقاش ..... 30**

1. ئاتا ـ ئانىلار ھەددىدىن زىيادە كۆيۈمچانلىق قىلىپ بالـ

لىرىنى «نابۇت قىلىدۇ» ........................................ 31
2. باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان دادا ........................ 35
3. هاياتى كۈچ بولمىغان بولسا، دۇنيا ئاللىقاچان چۆللىشىپ كەتكەن بولاتتى ........................................ 37
4. ئۇنىڭ بالىسى ئۆگىنىشكە قىزىقاتتى، ئەمما مەكتەپكە بېرىشقا ئۇنىمايتتى ........................................ 39
5. ھەقىقەتنىڭ يولىنى تاپقانسېرى ئۇ شۇنچە ئاددىي تۇيۇلىدۇ ........................................ 44

## تۆتىنچى باب خۇشال كەيپىيات ئىچىدە ئۆسۈپ - يېتىلىش، مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشى ........................ 47

1. ھېلىن كېللېر ........................................ 47
2. ئاكتىپلىق بىلەن بېرىلگەن پىسخىك بېشارەت ......... 51
3. چەمبەر تۇراقلىق قىممىتىنى ئۇنلۇق كەسىر چېكىتىدىن كېيىنكى مىڭىنچى خانىسىغىچە يادلاش ........................ 53
4. بەك ياخشى بولدى، پەقەت ئىككىلا سانىنى كەم سانىدىڭ ........................................ 55
5. ئوغلىنىڭ زەپەر قۇچۇپ قايتقان قەھرىمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش ........................................ 59
6. «كۆپ تۆۋەن تۇرىسەن»، «كۆپ ئۈستۈن تۇرىسەن» ........................................ 65
7. ياخشى ھوسۇل بەرمەيدىغان زىرائەت يوق، ياخشى تېرىقچىلىق قىلىشنى بىلمەيدىغان دېھقانلار بار ........................ 67

8. كىمنىڭ دېگىنى ھېساب ۋە «ئاغىنىدارچىلىققا يارايـ
سەن» ........................................ 68
9. باش بارماقنى چىقىرىش كېرەكمۇ ياكى مۇشتىنىمۇ؟... 71
10. توغرا بولمىغان جايلىرىدىن باشقىلىرى بەك ياخشى بوپـ
تۇ ........................................ 74
11. «نەچچە نومۇر ئالدىڭ» بىلەن «كەيپىياتىڭ
قانداقراق؟» ........................................ 77
12. «خۇش خەۋەر» ۋە «تولىمۇ ئۆچ بولدۇم».......... 82
13. سەكرىسەڭ بويۇڭ يېتىدۇ........................ 85
14. «سوغۇق سۇ سېپىش» ۋە «گېنېراتور».............. 90
15. ئىككى روھ بىرلىشىپ بىر ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش...93
16. «جۇ تىڭتىڭ ھادىسىسى»........................ 96

بەشىنچى باب سىرنى يېشىپ، قانۇنىيەتنى چۈشىنىش ..... 104
1. بالىلارنى تەربىيىلەشنىڭ سىرىنى بىرلا سۆزگە يىغىنـ
چاقلاشقا بولامدۇ؟........................................ 104
2. مەن ئاخىرى تاپتىم........................ 106
3. ئاتا ـ ئانىلاردا ئىككى گۆھەر بار.................. 108
4. چىيەنلۇڭ خانىنىڭ تۆت ياشتا ئانىدىن تىلى چىققانـ
كەن........................................ 109
5. بۇ ۋاقىتتىكى ئاتا ـ ئانىلار بالىلار ئۈچۈن گوياكى تاغـ
دەك يۆلەنچۈك........................................ 113
6. كۆپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسا ئىھتىمال مۇۋەپپەقىيەتكە

شۇنچە يېقىنلاپ قېلىشى مۇمكىن.................... 116
7. باشقىلارغا سېلىشتۇرساڭ، بالىنى نابۇت قىلىسەن............................................. 118
8. ئۇرمىسا ياخشى ئادەم بولمايدۇ ....................... 121
9. «ئۇرۇش» ئىككى ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى توساق ... 123
10. «بىز ئەزەلدىن تىمساقنىڭ كۆز يېشىغا ئىشەنمەيمىز»............................................. 125
11. تىللاپ تەربىيىلەشتە جېنىس رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلاش........................................... 129
12. قىزىم يەۋاتقان مانتىنى ياندۇرۇۋېتىشكە تاسلا قالدى................................................ 130
13. بۇ مەسىلىنى مەن چوقۇم ئىشلىيەلمەيمەن، مەن دۆت ئىكەنمەن......................................... 131
14. ماڭا كۆچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن، مەن خىيمەن ... 134
15. ھەرگىز «بىلىقچى ۋە ئالتۇنبېلىق ھەققىدە چۆچەك» تىكى موماي بولۇۋالماسلىق كېرەك ..................... 136
16. باشقىلارنىڭ بالىسىنىڭ نەتىجىسى شۇنداق ياخشى بولسا تىگىتىگىنىڭ ئىشى توگەپتۇ ........................... 138
17. گاچا قىزمۇ زېھنى ئۆتكۈر بالىغا ئايلىنالايدۇ، تالانت ئىگىسى سىزنىڭ يېنىگىزدىلا ........................ 141
18. تاغدىكى قارىغايمۇ ياكى تەشتەكتىكى قارىغاي............................................. 142
19. ئامېرىكىلىق مۇتەخەسسىسنىڭ زېھنى ئۆتكۈر بالىلارنى

تاللاپ چىقىشى ........................................ 144
20. جۇ تىڭتىڭنى يېگىۋالدى ............................ 146
21. تۇغما پەرق چەكلىك بولىدۇ، ھاياتنىڭ يوشۇرۇن ئىقـ-
تىدارى چەكسىز بولىدۇ ................................ 148

# بىرىنچى باب هاياتلىق توغرىسىدا بىر ھېكايە

بالىلىق ــــ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل ۋاقىت، ئەمما مېنىڭ قىزىمنىڭ بالىلىق دەۋرى ئىنتايىن ئەگرى ـ توقاي، ئىنتايىن مۈشكۈل بولدى.

مەن دوستلىرىمغا: مېنىڭ ئۆي ـ بىساتىم كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتسە مەيلىكى، پەقەت گەپ قىلالىغان قىزىمنى بىر قۇچاقلىۋالسام، قىزىمنىڭ دادا دەپ چاقىرغان بىر ئېغىز سۆزىنى ئاڭلىيالىسام رازى بولاتتىم، دېگەنىدىم.

## 1. شەپقەتسىز دىئاگنوز قەغىزى

جۇ تىڭتىڭ 1980 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تۇغۇلغان، ئۇنى ساداسىز دۇنيا كۈتۈۋالدى. رەڭگارەڭ، ئاجايىپ گۈزەل دۇنيا چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمگەن ئىدى. تىڭتىڭنىڭ قۇلىقى تۇغما گاس ئىدى، ئۇ بىر يېرىم ياشقا كىرگەندە قىزىپ قېلىپ

گېنتامىتسىن (چېگىدامېيسۇ) ئوكۇلى ئورۇلغاچقا، ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقى پۈتۈنلەي گاس بولۇپ قالدى.

مەن ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇپ: تىگىتىڭ، تىگىتىڭ، دەپ قاتتىق ۋارقىرىغان بولساممۇ، چاۋاك ئۇرۇپ قوللىرىم ئاغرىپ، قىزىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى. قىزىمنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن مەن ئۇنى يۇدۇپ ھەممە دوختۇرخانىغا كۆرسەتتىم، ھەممىسى بۇ داۋالىغىلى بولمايدىغان كېسەل ئىكەن، دېيىشتى.

ئاخىرىدا مەن كىچىككىنە بىر ئۈمىد بىلەن شاڭخەيدىكى داڭلىق بىر قۇلاق كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا كەلدىم. شۇ چاغدىكى كېسەللىك تارىخىنى ھازىرغىچە ساقلاۋاتىمەن. ئۇنىڭدا: ئىككى قۇلاق پۈتۈنلەي ئاڭلىمايدۇ، دەپ يېزىلغانىدى. ئۇ كۆنى تەكشۈرۈلگەن ئون نەچچە بالىنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇلىقى ئازراق ئاڭلىيالايدىكەن، پەقەت تىگىتىگىنىڭلا ئىككى قۇلىقى پۈتۈنلەي گاس ئىدى.

— ئۇنى داۋالاپ ساقايتىشقا بىرەر ئامال تېپىلارمۇ؟ – مەن ئازراق بولسىمۇ تەسەللىگە ئېرىشىشنى ئويلايتتىم.

— ھېچقانداق ئامال يوق! دوختۇرنىڭ كەسكىن جاۋابى ئازراق ئۈمىدىنىمۇ پۈتۈنلەي يوققا چىقاردى.

— قۇرۇق يىگىنە بىلەن داۋالاپ كۆرۈلسە بولارمۇ؟ – مەن

ئۈمىدىمدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايتتىم.

ــ ئۇنىڭ ئازابىنى كۆپەيتىۋېتىدۇ ـ خالاس.

ــ ئەمىسە قىزىمغا نېمە ئامال بار؟

ــ ئىككى قۇلىقى پۈتۈنلەي گاس بالىلارنى ساقايتىش پۈتۈن دۇنيا مېدىتسىناسىدا تېخى مۇمكىن بولمىغان ئىش، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىردىنبىر ئامال ئۇنى گاس ـ گاچىلار مەكتىپىگە بېرىش.

ئەڭ ئاخىرقى ئازراق ئۈمىدىمنىڭمۇ پۈتۈنلەي بەربات بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. كۆز ئالدىمنى پۈتۈنلەي قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

دوختۇرنىڭ سۆزى خۇددى رەھىمسىز قىلىچتەك بىزنىڭ بۇ يېڭى ئائىلىمىزنى ئۈمىدسىزلىك ھاڭغا ئىتتىرىپ قويدى.

بۇ چەكسىز جاھاندا ماڭا يول زادى نەدە!

روھىي تۈۋرۈكى بولمىغان ئاسماندىن ھېچقانداق سادا چىقمايتتى. ئۈمىدسىزلىك مېنىڭ نازۇك قەلبىمنى قاتتىق جاراھەتلەندۈردى، مەن تەگرى ئالدىدا باش ئەگدىم. ئاتا ـ ئانا بولغۇچى تەقدىر ئالدىدا باش ئېگىشكە مەجبۇر بولغاچقا، قىزىمنىڭ ئۈچ ياشتىن ئىلگىرىكى كۈنلىرى يىغلىغۇزلۇق ۋە دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە ئۆتتى.

## 2. «گاچا» قار مەلىكە

باللار باغچىسىدىكى باشقا باللار شادىيانە كۈلۈشۈپ ئويـ-نايتتى. قىزىم تىڭتىڭ ئۇلار بىلەن سۆزلىشەلمىگەچكە ئۆزى يالغۇز بىر چەتتە دوستلىرىنىڭ ئوينىغىنىغا قارىغان ھالدا مىنىڭ بالـ-دۇرراق بېرىپ ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىشىمنى تـۆت كۆزى بىلـەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى. قىزىمنى باغچىغا ئاپارغان ياكى ئېلىپ كەلگە-لى بارغان ۋاقتىمدا، باللار مېنى كۆرسىلا ھەممىسى تەڭلا:

— كىچىك گاچىنىڭ دادىسى كەلدى! -دەپ توۋلىشاتتى. بۇ سۆز خۇددى زىمىستان قىشتىكى ھۇشقىيتىۋاتقان شىۋىرغاندەك ۋۇجۇدۇمنى قورۇۋېپ، باغرىمنى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئاغرىتاتتى.

قىزىم كىچىك چېغىدا ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، باغچىدىكى مۇئەللىمى ئۇنىڭغا «قار مەلىكە» دېگەن چىرايلىق لەقەمنى قويۇپ قويغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭ يەنە كىشىنىڭ يۈرەك باغرىنى ئېزىدىغان «گاچا» دېگەن قوشۇمچىسىمۇ بار ئىدى. مەن چۇقان سالماقچى بولاتتىم، ئەمما ئاجىز سادايىم بۇ رېئاللىق ئىچىدە يوقاپ كېتەتتى.

تىڭتىڭ كىچىك ۋاقتىدا قۇلىقى ئاڭلىمىغاچقا ھەم سۆزلـ-يەلمىگەچكە، ئۆزىنى ناھايىتى تۆۋەن كۆرەتتى. باللار باغچىسىدا

كىچىك تەرىتى قىستىغاندا شۇنى ئىپادىلەپ بىرەلمىگەچكە، چىداپ تۇرالماي ئىشتىنىغا چىقىرىۋېتەتتى. ئەتىياز، كۈز پەسىللىرى خېلى ئىللىق بولغاچقا بۇ ئىش ئاسانراق ئىدى. ئەمما قىش كەلسە مەن خىزمەت ئورنۇمدا بەك غەم قىلىپ تۇرالمايلا قالاتتىم، بىچارە قىزىمدىن بەكلا ئەنسىرەيتتىم. ئىشتىن چۈشكەندە زاۋۇت دەرۋازىسىدىن يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كېتەتتىم. قىزىمنى ئالغىلى بارغاندىكى بىرىنچى ئىشىم قىزىمنىڭ ئىشتىنىنى كۆرۈپ بېقىش ئىدى. ئەگەر قىزىم ئىشتىنىغا سىيىۋەتكەن بولسا كۆڭلۈم غەشلىككە تولاتتى.

قىزىمنى ۋېلسىپىت بىلەن ئۆيگە ئېلىپ كېتىۋېتىپ كۆز ياشلىرىم يامغۇردەك تۆكۈلەتتى. سوغۇق شامالدا قىزىم ۋېلسىپىت ئۈستىدە تۈگۈلۈپ تىترەپ ئولتۇراتتى.

بىر قېتىم ۋېلسىپىتلىق كېتىۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن قىزىم ۋېلسىپىتتىن يەرگە يىقىلىپ كەتتى، قىزىمنىڭ ئۈستىبېشى توپا بولۇپ كەتتى. ئۇ ۋارقىراپ يىغلىغاچقا يولدىكى كىشىلەر بىزگە باشقىچە قاراشتى؛ ئۇلار بىزنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىمىزنى نەدىن بىلسۇن! شۇڭا ئولىشىپ كېلىپ مەندەك ئەخمەق، كالۋا دادىنى مەسخىرە قىلىشتى.

شۇ چاغدا، قايغۇ ـ ھەسرەت، يالغۇزلۇق، ياردەمسىزلىك، نومۇس بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ قەلبىم قاتتىق ئازابلاندى. مەن

تايانچىسىز قېلىپ، ئىللىقلىقتىن مەھرۇم بولۇپ خۇددى مۇزلۇق ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك بولدۇم. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، قىزىمنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى ئىسسىتتىم. ئازابلىق كۆز ياشلىرىم قىزىمنىڭ يۇمران يۈزىگە تاراملاپ تۆكۈلەتتى، قىزىم قاتتىق گاڭگىرىغان ھالدا ماڭا قارايتتى.

كىشىلىك ھاياتتىكى ئازاب - ئوقۇبەت ئازراقمۇ ئۈمىدنى كۆرەلمەسلىكتىن ئېغىر بولمىسا كېرەك. تۈگىمەس قىيىنچىلىق، دەرد - ئەلەملەر تىڭتىڭىنىڭ ئاپىسىنىڭ سالامەتلىكىنىمۇ پۈتۈنلەي كاردىن چىقاردى. شۇڭا ئۇ ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئىنتايىن مۈشكۈل يۈك مەن بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگىلا چۈشتى. مەن ھېرىپ ھالىمدىن كېتىپ، ئازاب ئىچىدە بىر مەنىۋى يۆلەنچۈك ئىزدىدىم.

## 3. قىزىمنىڭ دادا دەپ بىر ئېغىز چاقىرىشىغا ئىنتىزار ئىدىم

مەن ئەڭ يېقىن بىر دوستۇمغا: ئۆي - بىساتىم كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتسە مەيلىكى، پەقەت قىزىم دادا دەپ بىر ئېغىز چاقىرسا، مەن شۇنىڭغا رازى بولاتتىم دېگەنىدىم.

كېچىسى ئۇخلىيالمىغان چاغلىرىمدا قىزىمنىڭ كارىۋىتى يې-

ىندا ئۇن ـ تىنسىز هالدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ گۈزەل، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان كىچىك يۈزلىرىدىن سۆيۈنىمەن. ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇۋېرىپ كاللامغا تىڭتىڭتىنىڭ بىردىنلا چاڭئېغا ئايلىنىپ جىمجىت ئۇيقۇدا ياتقان ئايغا ئۇچۇپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ هايات ئويناپ تۇرغان يەر شارىغا قايتقۇسى كەلگەنلىكى، شامالنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن سادا چىقمىغانلىقىدەك خىياللار كېلىدۇ. ئاي گەرچە ناهايىتى گۈزەل بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يىراق ئاسماندا ئېسىلىپ تۇرىدۇ. قىزىم هەرگىز ئۆزى مۇشۇ زېمىندا تۇرۇپ يەنە باشقا بىر جىمجىت، غېرىبانە، ساداسىز دۇنيادا بىر ئۆمۈر ياشىيالمايدۇ. مەن ئۇنداق رېئاللىقنى قانداقمۇ قوبۇل قىلالايمەن؟!

شۇڭا، مەن هەمىشە قىزىمنىڭ ئوماق ئاغزىنى ئېچىپ: دادا، دادا، دەپ چاقىرغانلىقىنى، ئۆزۈمنىڭ قىزغىنلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ: تىڭتىڭ، تىڭتىڭ، دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىمنى چۈشەيمەن. بىر دەملىك خۇشاللىقتىن كېيىن هاياجان ياشلىرىمنى تۆكۈپ، قىزىمنى باغرىمغا بېسىپ چىڭ قۇچاقلايمەن...

چۈش دېگەن چۈش، ئەمما مەن چۈشۈمنىڭ ئۇزۇنىراق داۋاملىششىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، چۈشۈمدە خۇشاللىق ياشلىرىمنى تۆكىمەن. قۇرۇق خىياللار بەزىدە رەھىمسىز رېئاللىق پەيدا قىلغان ئېغىر بېسىمنى يېنىكلىتىدۇ.

## 4. مەن جۇڭگودىكى «داداۋماۋ» بولىمەن

بىز تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ، زادىلا ئامال تاپالمايۋاتقان بىر چاغدا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ياپونىيىنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «گۇمانلىق قان» نى قويدى. فىلىمدىكى باش پېرسوناژ شىنگزى ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ. ئەمما ئۇ ئازاب ئىچىدە ئەمەس، بەلكى خۇشاللىق ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى داداۋماۋ بۇ سىناقلارغا قەيسەرلىك ۋە باتۇرلۇق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، قىزىغا چەكسىز ئاتىلىق مېھرىنى بېغىشلايدۇ. پەقەت يۈزدە بىر پىرسەنت ئۈمىد بولسىمۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مەن ئىككى قۇلىقى پۈتۈنلەي گاس بولغان قىزىمنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ، كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزغان ھالدا بۇ فىلىمنى كۆرۈپ، ئاستا ـ ئاستا بىر خىل كۈچنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى، تولۇپ تاشقىنلاپ يىغلىۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىمنى ئۆرلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. شىنگزىنىڭ دادىسى داداۋماۋ قىزىغا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاتىلىق مېھرىنى بېغىشلايدۇ. قىزىم گەرچە ئاڭلاش ئىقتىدارىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمما مەن

قىزىمنىڭ ھاياتىنى قەدىرلەيمەن. ھايات ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ گۈزەل! بۇ دۇنيادا ھايات ۋە مېھىر - مۇھەببەتتىنمۇ قىممەتلىك باشقا نەرسە يوق، دەپ ئويلىدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ يالقۇنلاپ تۇرغان ئاتىلىق مېھرىم بىلەن قىزىم تىڭتىڭغا قۇلىقى ئاڭلىيالايدىغان بىر يول ئىچىپ بېرىشكە قەسەم قىلدىم. ناۋادا شۇنداق قىلالىسام مۇ-ۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىسەممۇ، قىزىم چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆزى ئۇچۇن نۇرغۇن جاپالارنى تارتقان دادىسىدىن ئاغرىنمايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

## 5. بۇ ياش ئەمەس، سۇ

شۇنىڭدىن باشلاپ مەن ئىككى قۇلىقى پۈتۈنلەي گاس بولغان قىزىمنى باشلاپ تەقدىر بىلەن ئېلىشىش يولىغا، ئۈمىدكە تولغان، ئەمما ئىنتايىن ئەگرى - توقاي، مەنزىلى ئۇزۇن يولغا قە-دەم تاشلىدىم.

يول ناھايىتى ئۇزۇن ئىدى...

بىر قېتىم سىرتقا قىزىمنى دوختۇرغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتسام قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. مەن ئاجىز قىزىم-نى يۆدۈپ، يۈك - تاقلىرىمنى كۆتۈرۈپ، بىر ئېگىز، بىر پەس دەسسەپ، مۈشكۈل ھالدا ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېتىپ بارىمەن.

يۈزۈمدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقىنى تەر، يامغۇر ياكى ياش ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ ئېنىق ئۇقمايمەن. باسقان ئاياغ ئىزلىرىم گوياكى كىشىلىك ھاياتىمدىكى دەرد خاتىرىسىدەك تۇيۇلاتتى.

قىزىم تىڭتىڭ ئۈچ ياشقا كىرگەندىن باشلاپ، مەن قەرەللىك ھالدا شاڭخەيدىكى بىر ھەربىي دوختۇرخانىغا داۋالىتىشقا ئاپىرىپ، يىڭنە ۋە توك بىلەن داۋالىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشتىم. قىزىمنىڭ قۇلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاغرىش سېزىمى ئەڭ كۈچلۈك بولغان بىر قانچە پەللىگە 10 مىڭ قېتىمدەك يىڭنە سانجىلدى. قۇلاق پەللىلىرىگە ئون نەچچە كۈمۈش يىڭنە چوڭقۇر سانجىلغاندا، قاتتىق ئاغرىغانلىق سەۋەبىدىن قۇچىقىمدا ياتقان قىزىم قاتتىق تىپچەكلەپ كەتتى، مەن ئامالسىز ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدىم. قىزىمنىڭ ئازابلىق چىرايىنى كۆرۈپ، يۈرىكىم پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئاغرىپ كەتتى.

مېنىڭ بىچارە قىزىمنى كىم قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ؟ ئاڭلاش ئىقتىدارى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان بۇ بالىلارنىڭ چىقىش يولى زادى نەدە؟

بىر كۈنى ئۇخلاش ئالدىدا تىڭتىڭنىڭ ئاپىسى تىڭتىڭنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ، قوللىرىدا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

ــ تىڭتىڭ، ئەتىكى يىڭنە سانجىپ داۋالاشتا مىدىرلىساڭ، جىم ئولتۇرمىساڭ ھەرگىز بولمايدۇ. ئەگەر جىم ئولتۇرمىساڭ، يىڭنىنى دەل جايىغا سانجىغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن قۇلىقىڭنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدۇ. ئۇنداق بولۇپ قالسا، داداڭ، ئاپاڭ بەك تىت ـ تىت بولۇپ كېتىدۇ. ھەمىشە مۇشۇنداق تىت ـ تىت بولۇپ، ئارامسىزلانسا، ئاسانلا كېسەل بولۇپ بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا سەن ئۆزۈڭ خۇددى سەنىماۋ ئاكىغا ئوخشاش ھەر يەرلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىسەن، بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق، دېدى.

تىڭتىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدىن ئوقتەك چىقىپ، كارىۋاتقا ئۆزىنى ئېتىپ ھۆكرەپ يىغلىدى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ياشلىرىنى سۈرتتى:

ــ دادا، ئاپا، ئەتە يىڭنە سانجىغاندا ھەرگىز يىغلىمايمەن.

بىر سەبىي بالىنىڭ قەسىمىنى راست دېگىلى بولامدۇ؟

ئەتىسى راستتىنلا مۆجىزە يۈز بەردى. نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلـگەندە، ئۇ مېنى ئىنتىرىۋېتىپ ئۆزى بېرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئىلگىرىكى كۈنلەردە، مەن ئۇنى تارتىپ بىر ھازا ھەپىلەشكەندىن كېيىن ئاندىن ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇراتتى. بۈگۈن يىڭنە سانـجىلىۋاتقاندا تىڭتىڭ قولى بىلەن ئاغزىنى چىڭ تۇتۇۋالدى، نەپـسىنى يىغىپ مىدىرلىماي جىم ئولتۇردى، پەقەت كۆزىدىن ئاققان

ياشلار تارامالاپ يەرگە چۈشتى. داۋالاش ئۆيى ئاجايىپ جىمجىت ئىدى، خانىدىكى ھەممە كىشى، ھەتتا دوختۇرلارمۇ ئۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەندى. يىگىنە سانجىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى قۇچىقىمغا ئاتتى.

— دادا، مەن مىدىرلىيالىمدىمۇ؟

— مىدىرلىيالىدىڭىز.

— يىغلىدىممۇ؟

— ياق يىغلىمىدىڭىز.

— دادا، ئاپا، ئەمىسە سىلەر ئۆلۈپ كەتمەيدىغانسىلەر؟

— ياق، ئۆلۈپ كەتمەيمىز.

— ئەمىسە بۇ نېمە؟ - ئۇ مېنىڭ كۆزۈمدىكى ياشنى سۈرتتى.

— ئوبدان بالام، بۇ ياش ئەمەس، سۇ! بۇ چاغدا ياشلىرىم خۇددى يامغۇردەك تاراملاپ تۆكۈلدى.

ئاجايىپ قەيسەرلىك گۈزەل چۈشنى بەربات قىلىۋەتمىدى.

قىزىمنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى ئازراق ئەسلىگە كەلدى. بۇنى نورمال باللارغا سېلىشتۇرغاندا زادىلا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى ئۇزۇن داۋاملاشالمايتتى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئاشۇ ئازراق ئاڭلاش ئىقتىدارى يەنە يوقاپ كەتتى. ئەمما، بەش يىل يىگىنە بىلەن داۋالاش جەريانىدا

خۇددى:

تېرىدىم گۈل تەر تۆكۈپ،
گۈل ئېچىلمىدى بەرق ئۇرۇپ.
سانجىپ قويسام سۆگەت شېخىنى ئېرىق بويىغا،
كەتتى سۆگەت باراقسان بولۇپ.

دېگەندەك بىر ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ ئاگلاش ئىقتىدارى ئەسلىگە كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما كۈتۈلمىگەندە مەن بالىلار تەربىيىسىنىڭ گۆھىرىگە ئېرىشتىم. شۇنىڭدىن باشلاپ قىزىم بىز ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ بەرگەن تەربىيىلەش يولىغا قەدەم باستى.

# ئىككىنچى باب ئون يىللىق ئىزلار

قىزىمنىڭ تەقدىرىدە بۇنداق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم: ئەسلىدە گاس ـ گاچىلار مەكتىپىگە كىرىشكە تېگىشلىك بولغان قىزىم ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ مۇنەۋۋەر ئون ئۆسمۈر بولۇپ قالدى. مائارىپ بىلەن زادىلا ئالاقىسى بولمىغان مەندەك كونا 3 ـ قارارنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغان بىر دادا، گاس ـ گاچىلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولۇپ قالدىم.

## 1. ھەر تاۋۇشنى نەچچە مىڭ قېتىم مەشىق قىلىش كېرەك

قەلبتىكى بۇلاق، كۆزدىكى ياشلار —— بۇ كۆز ياشلاردا بىر ئاددىي كىشىنىڭ ئۈمىد ۋە ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ئەكس ئېتەتتى. قىزىم دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، تۇرمۇشىمىزدا ئۆزگىرىش بولۇپ، تىڭتىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. مەن

كۆن بويى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۈمىدكە تەشنا بولدۇم، ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە خۇشاللىق ئىزدىدىم. تىڭتىڭنىڭ سەببى، غۇبار-سىز كۆلكىسى قەلبىمدىكى چەكسىز ئازابنى يېنىكلەتكەن، ئۇنىڭ بۇلاقتەك سۈزۈك، نۇرلۇق كۆزلىرىدىن ئەقىل ـ پاراسەت نۇرلىرى چاقنىغانىدى. ئۇنىڭ بۇدرۇق كىچىك قوللىرى هاۋادا پۇلاڭلىغاندا بىر هاياتلىق ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادە قىلاتتى.

هاياتىمىزنى كەمتۈكلۈك هاياتنىڭ شۇنچە سۆيۈملۈك ئىكەن-لىكىنى تېخىمۇ نامايان قىلاتتى. مەن بېشىمدىن كەچۈرگەن ئو-كۇشسىزلىقلار، ئۈمىدسىزلىكلەر سەببى، ئوماق، هاياتىي كۈچكە جۇشقۇنلاپ تۇرغان بىر جان ئالدىدا ئىنتايىن زەئىپ، ئاجىز كۆ-رۈنەتتى، مەن قىزىم ئۈچۈن بارلىقىمنى بېغىشلاشقا رازى ئىدىم.

قىزىمنىڭ ئويغىنىش تەربىيىسى: باشلىنىش، تېز ئىلگىرى-لەش، هالقىپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بې-رىلدى.

باشلىنىش باسقۇچىدا مەن باشقا گاس باللارنىڭ ئاتا ـ ئا-نىسىغا ئوخشاش، كۈچەيتىش ئۈسۈلى بىلەن قىزىمغا تاۋۇش چى-قىرىشنى ئۆگەتتىم. سۆزلەش قىزىمنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى، ئۇنى تولۇقلاش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش نەقەدەر مۇشكۈل ـ هە!

بىز ئۇنىڭغا: دادا، ئاپا دېيىشنى نەچچە مىڭ قېتىم ئۆگەت-سەكمۇ، ئەمما تىڭتىڭنىڭ ئاغزى پەقەت قالايمىقان هەرىكەتلىنەت-

تى. مەن قىزىمنىڭ «دادا» دەپ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلايمەن دەپ نۇرغۇن ۋاقىت كۈتتۈم.

تىڭتىڭنىڭ مومىسىنىڭ ئۆيى پويىز ئىستانسىسىنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇنىڭ مومىسى ھەر قېتىم پويىزنىڭ ئۆتكىنىنى كۆرسىلا تىڭتىڭغا «O» دېگەن تاۋۇشنى چىقىرىشنى ئۆگىتەتتى. گەرچە ئۇنىڭغا بۇ تاۋۇش نەچچە مىڭ قېتىم ئۆگىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ پەقەت «e» دېگەن تاۋۇشنى چىقىرالايتتى.

كەچتە مەن ۋېلسىپىت بىلەن تىڭتىڭنى مومىسىنىڭ ئۆيىدىن قايتۇرۇپ ئەكېلىۋېتىپ، كوچا چىراغلىرىنى كۆرسىتىپ، چىراغ، چىراغ دەپ ئۆگىتەتتىم، ھەر بىر كوچىدىكى چىراغنى كۆرسىتىپ ئۆگىتەتتىم، قانچە ئۇزۇن ماڭغان بولساق شۇنچە ئۇزۇن ئۆگىتەتتىم.

گاڭگىراش، چۈشكۈنلۈك، تىت - تىتلىق قەلبىمنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانىدى. قىزىمنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى سەل ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، بىر مەزگىللىك مەشىقتىن كېيىن تىڭتىڭ ئاخىرى گەپ قىلالايدىغان بولدى.

قىزىمنىڭ ھەر بىر تاۋۇش چىقىرىشى ئىنتايىن قىيىن ئىدى. ئۇنى نەچچە يۈز قېتىم مەشىق قىلىشى كېرەك ئىدى. نورمال بالىلار ناھايىتى ئاسانلا چىقىرالايدىغان بىر تاۋۇشنى قىزىم ئۈچ يىلغا يېقىن جاپالىق مەشىق قىلىپ ئاندىن چىقىرىشنى ئۆگەندى.

## 2. «پىچىنە» دېگەن سۆز بىلەن ئەقىل نۇرى چاقنىدى

تىگىتىنىڭ ناھايىتى ئېنىقسىز ھالدا «بۇرۇن»، «قۇلاق»، «ئې-غىز» دېگەن ئەڭ ئاساسىي سۆزلەرنى دېيىشنى ئۆگەنگەن چاغدا، ئۇنىڭ سۆزلەشنى ئۆگىنىشىنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى ئۆتۈپ كەت-كەنىدى. ئۇ ئەمدى پەقەت قول ئىشارىتى بىلەنلا ئۆز مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئوخشاش بىر چەمبەر بىلەن نۇرغۇن سۆزلەرنى ئىپادىلەيتتى. توخۇم بىلەن ئەتىگەننى، پىچىنە بىلەن چۈشنى، پۇرچاق قىيمىلىق مانتا بىلەن كەچنى ئىپادىلەش-كە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئۇ مەڭگۈ گاچا پېتى قالىۋېرەتتى.

شۇڭا بىز «يېمەكلىك بىلەن قوزغىتىش» ئۇسۇلىنى قوللى-نىش نىيىتىگە كەلدۇق. يەنى ئۇ سۆزلىمىسە شۇ يېمەكلىكنى بەر-مەسلىك ئارقىلىق ئۇنىڭ سۆزلىشىگە ئىلھام بېرىش ئۇسۇلىنى قوللاندۇق.

بىر كۈنى تىگىتىنىڭ چۈشلۈك ئويقۇسىدىن ئويغىنىپ، ئادىتى بويىچە پېچىنە يەيمەن دېمەكچى بولۇپ قولى بىلەن بىر يۇمىلاقنى ئىشارەت قىلغان.

ئۇنىڭ مومىسى پېچىنە قۇتىسىنى قولىغا ئېلىپ نەۋرىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرسىمۇ، ئەمما پېچىنىنى بەرمىگەن.

— پېچىنە، تىڭتىڭ، پېچىنە دېگىن! - مومىسى ئۇنى سۆزلەتمەكچى بولغان.

تىڭتىڭ سۆزلىگىلى ئۇنىماي، پەقەت «يى، يا» دەپ قارشىلىق بىلدۈرگەن.

— دېمىسەڭ بەرمەيمەن، - ئۇنىڭ مومىسى جاھىللىق بىلەن قايتا - قايتا تەكرارلاپ «پېچىنە، پېچىنە» دەۋەرگەن.

موما بىلەن نەۋرە تىركىشىشكە باشلىغان.

تىڭتىڭنىڭ مومىسى ئۇ سۆزنى زېرىكمەستىن قايتا- قايتا تەكرارلاۋەرگەن. تىڭتىڭ يىغلىسىمۇ كۆزلىرىدىن ياش چىقمىغان، مومىسىنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملاپ تۆكۈلگەن. مومىسىنىڭ پېچىنىنى نەۋرىسىگە شۇنچە بەرگۈسى كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما نەۋرىسىنىڭ كېلەچىكىنى ئويلاپ، سوزغان قولىنى يەنە تارتىۋالغان.

مۇشۇنداق تىركىشىپ 40 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ئاخىرى تىڭتىڭنىڭ ئاغزىدىن ئوقۇش تەس بولغان «بۇدەن» دېگەن تاۋۇش چىققان.

بۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش ئىدى.

مومىسى دەرھال ئۇنىڭغا بىر تال پېچىنە بەرگەن. تىڭتىڭ-

نىڭ كۆزلىرىدىن بىردىنلا نۇر چاقناپ، يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم «بۇدەن، بۇدەن» دېگەن. مومىسى قاتتىق ھاياجانلانغانلىقتىن نەۋرىسىنى دەرھال قۇچىقىغا ئېلىپ، قولىدىكى پېچىنىنىڭ ھەممىسىنى بەرگەن. «كۆزىدىن نۇر چاقناش» پەيداگوگىكا ئىلمىدە «ئەقىل نۇرى» دەپ ئاتىلىدۇ، يۇقىرالار بۇنى «ئەقىل كىرىش» دەپ ئاتايدۇ.

قىزىمغا ئاخىرى ئەقىل كىردى، ئۇ سۆز بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ ئەھمىيىتىنى غۇۋا ھالدا چۈشەنگەندەك بولدى.

خۇددى باھار كېلىپ تۇپراقنى يېرىپ چىققان بىر بىختەك، قىزىم ئاخىرى سۆز بىلەن ئالاقە قىلىدىغان دۇنياغا قاراپ تۇنجى قەدەمنى تاشلىدى. يېرىم يىلدىن كېيىن، بىر ئېغىزمۇ سۆزلىيەلمەيدىغان قىزىم ئاخىرى: ئاچا، خەير ـ خوش! دېيەلەيدىغان بولدى.

## 3. خەت ئويۇنى

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى مەن: ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزىم مېنى «دادا» دەپ بىر ئېغىز چاقىرسا، خۇشاللىقىمدىن ئۆزۈمنى يەرگە ئېتىپ ئېغىناپ كېتەرمەن ـ ھە! دەپ ئويلىغان ئىدىم. ھازىر قىزىم يالغۇز دادا دەپ چاقىرالايدىغان بولۇپلا قالماستىن،

بەلكى يەنە قىسقا جۈملىلەرنىمۇ سۆزلىيەلەيدىغان بولدى، دۇنيادا كىشىنى بۇنىڭدىنمۇ بەك خۇشال قىلىدىغان ئىش بارمۇ؟

بۇنى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئەھۋالىغا سېلىشتۇرغاندا، ئائىلىدىكى ھەممىمىز شادلىنىپ چۆمىمىز. ئەمما بۇنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ياشتىكى بالىلارغا سېلىشتۇرغاندا كۆڭلىمىز بەك يېرىم بولىدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ياشتىكى بېجىرىم بالىلارنىڭ تەلەپپۇزى ناھايىتى ئېنىق ھەم راۋان، ھېكايىلەرنى ناھايىتى جانلىق، قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلىيەلەيدۇ. مېنىڭ قىزىم ھازىرقى مۇشۇ سۈرئىتى بىلەن خۇددى تاشپاقىدەك مېڭىپ، زادى قاچان نورمال بالىلارنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىشەر؟ يالغۇز سۆز ئۆگىنىشنى ئالغاندا 24 سائەت ئۇخلىماي ئۆگەندى دېگەندىمۇ، ئۇ سۆزلەشتە مەڭگۈ يەنە ئاجىز ھالەتتە قېلىۋېرىدۇ.

يېڭى ئەندىشىلەر يېڭى ئۈمىدلەرنى پەيدا قىلماقتا ئىدى. قەلبىمدە قانداقتۇر بىر كۈچ مېنى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەۋاتاتتى. «قانائەت قىلماسلىق ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى». كىشىلەر بەزىدە زادىلا قانائەت قىلمايدۇ، ھەمىشە ئۆز نىشانىنى يۇقىرىلىتىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى مانا مۇشۇنداق شەخسلەر نىشانىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى سەۋەبىدىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

شۇڭا، قىزىمنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىدىن ئىلھام ئالدىم. ئۇ

ياخشى سۆزلىيەلمىگەنىكەن، نېمشقا ئاۋۋال ئۇنىڭ يېزىق تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرمايمەن؟

تىل ئېغىز تىلى ۋە يېزىق تىلىغا ئايرىلىدۇ. قىزىمنىڭ قۇلىقى ئاڭلىمىغان بىلەن كۆزى ياخشى كۆرىدۇ. فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىك سەۋەبىدىن گاسلارنىڭ كۆزى ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ. مەن نېمشقا تېگىشلىگا بولغان تەربىيىنىڭ يېزىق تىلى بىلەن ئېغىز تىلى، سۆزلەش بىلەن خەت تونۇشنى تەڭ قەدەممۇ قەدەم ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانمايمەن؟ شۇڭا، مەن بۇ ئويۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۇنى «خەت ئويۇنى» دەپ ئاتىدىم.

مېنىڭ ئۇسۇلۇم مۇنداق بولدى:

مەن قىزىمغا ئۆگەتكەن سۆزلەرنى ھەر ۋاقىت تاملارغا، يەرگە، قەغەزگە، ھەتتا قىزىمنىڭ قولىنىڭ ئالقىنىغا، قولىنىڭ دۈمبىسىگە يېزىپ كۆرسەتتىم. خۇددى باھار شامىلى زېمىننى سىپاپ ئۆتۈپ كەتكەن، ئىككىنچى ئارقىسىغا قايتمىغانغا ئوخشاش، خەتنى يېزىپ كۆرسىتىپ ئۆگىتىش، ئەمما ئۇنىڭ چوقۇم ئۆگىنىۋېلىشىنى زادىلا تەلەپ قىلماسلىقتەك روھىي ھالەتنى ساقلاپ كەلدىم.

مەن قىزىمنى كەڭ تەبىئەت قوينىغا ئېلىپ باردىم، تۇرمۇش قوينىغا ئېلىپ كىردىم، ئۇ قىزىقىدىغان شەيئىلەرنىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭغا يېزىپ كۆرسىتىپ بەردىم. ئۇ كۈلسە، مەن «كۈلۈش» دې-

گەن خەتنى يېزىپ كۆرسەتتىم. ئۇ يىغلىسا مەن «يىغلاش» دېگەن خەتنى يېزىپ كۆرسەتتىم. ئۇ يۇلتۇزلارغا قارىسا، مەن يۇلتۇز دې-گەن خەتنى يېزىپ كۆرسەتتىم. ئۇ ئاينى كۆرسەتسە، مەن ئاي دېگەن خەتنى يېزىپ كۆرسەتتىم. ئۆگەتكەن خەتلەر، سۆزلەر قىزىمنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا بىۋاسىتە سىڭىپ كىردى. ئەمما ئە-زەلدىن قىزىمنى ئۆگەتكەن خەتلەرنى چوقۇم ئۆزلەشتۈرۈڭ دەپ مەجبۇرلىمىدىم. مانا مۇشۇنداق پوزىتسىيە قوللانغانلىقىم ئۈچۈن قىزىمدا يېزىققا نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا بولدى. ھەر قېتىم ئۇنى ئويناتقىلى سىرتقا ئېلىپ چىقسام، مېنىڭ ۋە قىزىمنىڭ قوللىرى، ھەتتا بىلەكلىرىمىزگە پۈتۈنلەي خەت يېزىلىپ كېتەتتى.

بىر قېتىم تىكىتىڭنىڭ ئاپىسى كاماندىروپكىغا ماڭدى، بىز پويىز ئىستانسىسىغا ئۇنى ئۇزاتقىلى باردۇق. پويىز قوزغىلىپ ماڭ-غاندا تىكىتىڭ: ئاپا، ئاپا دەپ قولىنى پۇلاڭلاتقاچ يىغلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلايتتى، مەن پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي دەرھال ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ: ئايرىلىشقا كۆزى قىيماسلىق دېگەن سۆزنى يازدىم. مەن: بۇ سۆز چوقۇم ئۇنىڭ ئېڭىغا چىڭ ئورناپ كېتىدۇ، ئۆمۈر بويى ئېسىدىن چىقمايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

مەن قىزىمنىڭ تەلەپپۇزىنى توغرىلاش ئۈچۈن، تومۇز ئىسسىققا قارىماي قىزىم ئۈچۈن 1400 خەتتىن تەركىب تاپقان كارتا شەكلىلىك ئىملا لۇغىتى تۈزۈپ بەردىم. ئۇنى ھەر كۈنى

تەلەپپۇزىنى توغرىلاشقا يېتەكلىدىم. شۇنىڭ بىلەن قىزىم تەلەپپۇز چىقىرىش قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەپ، ئاخىرى باشقىلار ئۇقالايدىغان دەرىجىدە ئورتاق تىلدا سۆزلىيەلەيدىغان بولدى.

باللارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى ھەقىقەتەن زور بولىدۇ. قىزىم ئالتە ياشقا كىرگەندە ئىككى مىڭدىن كۆپرەك خەتنى ئۆگىنىپ، ئادەتتىكى باللار ئوقۇشلۇقنى ئوقۇيالايدىغان بولدى. ئۇ ئۆگىنىش خۇشاللىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆگىنىشكە كۈچلۈك ئىشتىياق باغلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆسۈپ ـ يېتىلىشى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىندى. قىزىم ئاخىرى يېزىق تىلىنى ئىگىلەشتە كۈچلۈكلەرگە ئايلاندى. ئۇ ئاجىزلار قاتارىدا ئەمەس، بەلكى كۈچلۈكلەر قاتارىدا تىللىق دۇنياغا قايتىپ كەلدى.

ئەمەلىيەت مېنى شۇنىڭغا قەتئىي ئىشەندۈردىكى، تۇرمۇشتا باللارغا خەت ئويۇنى ئۆگىتىش، خۇددى ھەر بىر بالا مەكتەپكە كىرىش يېشىدىن ئىلگىرى سۆزلەشنى ئۆگەنگىنىگە ئوخشاشلا ئوڭاي ئىكەن.

## 4. «يولۋاس» كەلدى

قىزىم خەت ئويۇنى ئويناش جەريانىدا مۇنداق كىچىككىنە بىر ئىش يۈز بەردى. بىر كۈنى ئەتىگەن تىڭتىڭنىڭ ئاپىسى بىلەن

سىرتقا چىقىپ بەدەن چېنىقتۇرۇپ بولۇپ ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە تىگىتىگىنىڭ ئۆي ئىچىدە ۋارقىراپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بىز بىردىنلا داڭقېتىپ قالدۇق، ئەسلىدە ئاچقۇچنى ئۆيدە ئۇنتۇپ قالغان ئىكەنمىز. بىر گاس بالا ئۆي ئىچىدە قالغان، ئىشىكنى ئۇنىڭغا قانداق ئاچقۇزۇش كېرەك؟ ئۇنى چاقىرساق ئۇ ئاڭلىمايدۇ. ئىشىكنى بۇزۇپ كىرەيلى دېسەك، ئۇنى قورقۇتۇپ قويىمىز. نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي تۇرغاندا تىگىتىگىنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى يادىمىزغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن خەت بۇ قېيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشىمىزغا ياردەم بەردى. تىگىتىڭ ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن، ئۇچەيلەن قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كەتتۇق. كېيىن تىگىتىڭ «بالىلىقىمدىن ئەسلىمە» ناملىق مۇنداق بىر ماقالە يازدى:

«مەن بەش ياشقا كىرگەن چېغىمدا قىزىقارلىق بىر ئىش يۈز بەردى. بىر كۈنى ئەتىگەندە مېنى قارا بېسىپ چۈش كۆرۈپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇياق - بۇياققا قارىسام دادام، ئاپام يوق تۇرىدۇ. مەن قورققىنىمدىن ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتىم. يىغلاپ تۇرۇپ: دادا، ئاپا، دەپ ۋارقىرىدىم. بىردىنلا، دۈك، دۈك قىلىپ ئىشىكنىڭ ئۇرۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ئىشىكنى يولۋاس ئۇرۇۋاتىدۇ، دەپ قورققىنىمدىن تېخىمۇ بەك يىغلاپ كەتتىم. يىغلاپ تۇرۇپ: يولۋاس كەلدى! يولۋاس كەلدى! - دەپ ۋارقىرىدىم. ئارقىدىن يەنە: دېرىزىنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭ

قىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم (ئەسلىدە دادام دېرىزىنىڭ ئەينىكىنى چاققانىكەن). مەن ئۇنى يولۋاس دېرىزىدىن ئۆيگە كىردى دەپ ئويلاپ، قورققىنىمدىن دەرھال يوتقانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ پۈركىنىپ يېتىۋالدىم. مەن يوتقانىنىڭ بىر تەرىپىنى كۆتۈرۈپ كىچىككىنە يوچۇق ئېچىپ مارىلاپ قاراپ باقتىم، قارىسام يولۋاس يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ يەنە يىغلاشقا باشلىدىم، يىغلاۋېرىپ ھالىمدىن كەتتىم. بۇ چاغدا بىردىنلا دېرىزىدىن بىر بامبۇك تاياقنىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بامبۇك تاياقنىڭ ئۇچىدا بىر قەغەز بار ئىدى، مەن يولۋاس ئاغزىدا بامبۇك تاياقنى چىشلەپ ئۆيگە كىردى دەپ ئويلاپتىمەن. سىنچىلاپ قارىسام قەغەزدە خەت بار ئىكەن. خەتتە: تىڭتىڭ، سىرتتىكىسى يولۋاس ئەمەس، دادىڭىز بىلەن ئاپىڭىز، كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئىشىكنى ئېچىڭ، بولامدۇ؟ دەپ يېزىلغانىدى. مەن بۇنى كۆرۈپ سەل ئىككىلىنىپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاستا قاراپ باقسام، دېرىزە سىرتىدىكىسى راستتىنلا دادام بىلەن ئاپام ئىكەن. مەن دەرھال ئاپامنىڭ ساپما كەشىنى كىيىپ ئىشىكنى ئېچىشقا ماڭدىم. ئىشىك ئالدىغا بارسام ھەممە يەرگە ئەينەك پارچىلىرى چېچىلىپ كېتىپتۇ، مەن ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ ئىشىكنى ئاچتىم. دادام، ئاپام ئۆيگە كىرگەندە يۈگۈرۈپ كېلىپ مېنى چىڭ قۇچاقلىدى، ھەممىمىز ھاياجاندىن يىغلىشىپ كەتتۇق. ئەمما بۇ ئاچچىق ياش ئەمەس،

خۇشاللىق يېشى ئىدى».

زېرىكىشلىك تىلسىز دۇنيا بىلەن شادلىققا تولغان تىللىق دۇنيانى بىلىم ۋە يېزىق رىشتىسى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇراتتى. قىزىم بۇ رىشتىنى بويلاپ بىر خەت، بىر خەت، بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن يۇقىرىغا يامىشىپ چىقىپ، ئاخىرى يورۇقلۇققا چۆمگەن، شاد ـ خۇراملىققا تولغان دۇنياغا قەدەم قويدى.

قىزىم يېزىق دۇنياسىدا ئۇزۇقلۇققا ئېرىشىپ، ئۆز تەپەككۇرى ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇردى. تۆت چاسا خەنزۇچە خەتتىكى ھېكمەتلەر ۋە سىرلار قىزىمنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى زور دەرىجىدە ئاچتى.

قىزىمنىڭ بۇ جەرياندىكى تەربىيە يولىنى ئەسلىسەم مەن تاكى ھازىرغىچە قاتتىق ھاياجانلىنىمەن، ھاياتنىڭ يۈكسىلىشىنى ھېس قىلىمەن.

## 5. قىزىمنىڭ تەقدىرىدىكى ئۆزگىرىش

ئايلار، يىللار ئۇچقاندەك تېز ئۆتمەكتە ئىدى. ئون يىل ۋاقىت كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا ئۆتۈپ كەتتى. تەقدىرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئەسلىدە پۈتۈنلەي گاس ـ گاچىلار مەكتىپىگە كىرىشكە تېگىشلىك بولغان تىڭتىڭ، گاس ـ گاچىلار مەكتىپىگە

كىرمەيلا قالماستىن، بەلكى ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ، ئۇ يەردە ئىككى يىل ئاتلاپ ئوقۇدى ھەمدە مەملىكەت بويىچە ئون مۇنەۋۋەر ئۆسمۈرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. كونا 3 ـ قارار-نىڭ ئوقۇغۇچىسى، زاۋۇتنىڭ تېخنىكى، ئالاھىدە مائارىپ مەكتىپى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان مەندەك بىر دادا، نەنجىڭ گاس ـ گاچىلار مەكتىپىگە يۆتكىلىپ، بۇ مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدۇم. قىزىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ تەقدىرىدە دراماتىك ئۆزگىرىش بولدى.

مەن بالىلار تەربىيىسىدە بىر يول تاپقانلىقىم ئۈچۈن، قىزىمغا بولغان قاتتىق كۆيۈنۈش مېنى ھەمىشە قىزىمنىڭ تەربىيە ئىشىدا ئويلىنىشقا، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۈندەيتتى. ئەنئەنىۋى ئائىلە بالىلىق تۈزۈمىدىكى تەربىيە ئۇسۇلىدا بالىلارغا خۇسۇسىي مۈلۈك قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىمتىھان تۈزۈمى ئاستىدىكى مىسلىسىز شەپقەتسىز بولغان رىقابەت مۇھىتىدا مەن ساغلام، بېجىرىم بالىلارنىڭ ئېغىر بېسىمدىن دېمىنىمۇ ئالالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتتىم. ئەگەر مېنىڭ ئىككى قۇلىقى پۈتۈنلەي گاس بولغان قىزىمغا بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق تەربىيە ئېلىپ بېرىلسا، بۇ ئۇنى ئۆلۈم يولىغا ئىتتىرگەنلىك بولاتتى. مەن ھەرگىز قىزىمنىڭ بالىلىق بەختىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا ئۇنىڭ بىرەر مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشىنى

خالىمايتتىم. مەن قىزىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەختلىك، گۈزەل، خۇشاللىققا تولغان ئۇنتۇلماس باللىق دەۋرىنىڭ بولۇشىنى خالايتتىم.

ھەرقانداق ئادەمنىڭ پەقەت بىر قېتىملا باللىق دەۋرى بولىدۇ. مەن دۇنيادا كىشىلىك ھېسسىياتى بىلەن يۇغۇرۇلغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلى بارمىدۇ؟ دەپ ئويلايتتىم.

مەن چەكسىز ئورماندا خۇددى رىۋايەتلەردىكى كېپىنەكنى ئىزدىگەندەك ئىزدەندىم. جاپالىق ئەجىردىن تۆكۈلگەن تەرلىرىم بىپايان زېمىنغا چۈشتى. يېشىل تاغلار، سۈزۈك سۇلار بىر مەستانە قەلبكە ھەمراھ بولدى. ئاخىرى ئورمانلىقتا بىر چىغىر يول ئېچىلدى، ئۇ يەردە كېپىنەكنىڭ قاناتلىرىنى قېقىۋاتقانلىقى كۆرۈندى.

مېھىر - شەپقەت دېڭىزىدا، قىزىم بىلەن بىللە ئۆگىنىش، قىزىم بىلەن بىللە ئويناش خۇشاللىقلىرى ئىچىدە، مەن دۇنيادىكى ئۆزۈم ئەڭ ياخشى دەپ قارىغان تەربىيە ئۇسۇلىنى بايقىدىم. گاس - گاچا قىزىمنى تەربىيەلەشتىكى ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلەر مېنى ھاياجانلاندۇراتتى، ھايات خۇددى مەشئەلدەك لاۋۇلداپ ياناتتى. مەن بۇ تەربىيە جەريانىنى بەختكە قارشى موللاق ئېتىپ چۈشۈپ گۆھەرگە ئېرىشتىم، دېگەن بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاپ چىق-

تىم. يەنى بەختكە قارشى بىر مېيىپ قىزغا دادا بولۇپ قېلىپ، تەلىيىمگە بىر بالا تەربىيىلەش گۆھىرىگە ئېرىشتىم.

كۆپچىلىك چوقۇم: زادى قانداق بىر شىپالىق ئەگگۈشتەرنىڭ بىر گاس بالىنى ئادەتتىكى بالىغا، ھەتتا ھەرقانچە ئۈمىد قىلىپمۇ ئېرىشكىلى بولمايدىغان خىسلەتلىك بالىغا ئايلاندۇرغانلىقىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. مەن بۇنى بىردىنلا چۈشىنىپ يېتەلىگەن.

بۇ ئەسلىدە ئاجايىپ خىسلەتلىك، شۇنداقلا ئەڭ ئادەتتىكى ئۇسۇل. بىر يېپيېڭى، شۇنداقلا ئەڭ قەدىمىي ئۇسۇل. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قولىدا ئەسلىدىن بار بولغان، ئەمما ئۇلار بايقىمىغان، ئەسلىدە ئىشلىتىپ كۆرگەن، ئەمما ئاگىسىز ھالدا يەنە ئۇنتۇپ كەتكەن ئۇسۇل.

شۇڭا، مەن دائىم ئائىلە باشلىقلىرىغا: ئاتا ـ ئانىلار ئەسلىدە تەربىيىچى، سىلەر يېتىلدۈرۈپ قويغان گۆھەرنى تېپىۋېلىڭلار ـ دەيمەن. ئەگەر سىلەر ئۆز ۋۇجۇدۇڭلاردىكى ئەسلىدە ئۆزۈڭلاردا بار بولغان گۆھەرنى قېزىپ چىقساڭلار، بالىلىرىڭلار چوقۇم شاد ـ خۇرام، گۈزەل ئەتىگە ئېرىشىدۇ.

# ئۈچىنچى باب مەقسەتسىز ئىشتىن گۆھەرنى بايقاش

مەكتەپ ئەسلىدە بىلىم دېڭىزى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما رېئال ئەھۋال شۇكى، مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن بەزى بالىلارنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى خىرەلىشىپ نۇرسىزلىشىپ كېتىدۇ. يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن توغرىسىدا دائىم توختىماي سوئال سورايدىغان بالىلار، نېمە ئۈچۈن دېگەن بىرەر سوئالنىمۇ سورىيالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنى ياخشى بالا دەپ تونۇيدىغان بالىلارنىڭ قەلبىنى يامان بالا دېگەن ئوي ئىگىلىۋالىدۇ.

بىلىم ئېلىش دۇنيادىكى ئەڭ زور خۇشاللىق. ئەمما نۇرغۇن بالىلار بۇنىڭدىن چەكسىز قىيىنچىلىق، مۇشكۈللۈك ھېس قىلىدۇ. مۇنداق تەربىيىنى ئىنكار قىلىش ئاسان، ئەمما بۇ يەردىكى ھالقا بۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشى ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىش ياكى چىقالماسلىقتا.

## 1. ئاتا ـ ئانىلار ھەددىدىن زىيادە كۆيۈمچانلىق قىلىپ بالىلىرىنى «نابۇت قىلىدۇ»

باشلىنىش ۋە يېتىشتۈرۈلۈش باسقۇچى ئەمەلىيىتىدىن كې-يىن، مەن تەلىم ـ تەربىيىگە مەستانە بولۇپ قالدىم. زادى قايسى دەرىجىدە مەستانە بولۇپ قالدىم؟

تاماق يەۋاتقان ۋاقىتتا ئويلايتتىم، يول مېڭىۋېتىپمۇ ئويلايت-تىم، ھەتتا چۈشۈمدىمۇ ئويلايتتىم، بىرەر ياخشى چارە ئېسىمگە كەلسىلا ئۇنى خاتىرىلىۋالاتتىم. مەن ھەمىشە، قانداق قىلغاندا ئۆ-گىنىشنى ئويۇنغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا ئۆگىنىش-كە بالىلارنى ئويۇندىنمۇ بەكرەك جەلپ قىلغىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەڭگۈلۈك مەسىلە ھەققىدە ئويلىناتتىم.

چۈنكى بالىلار ئويۇنغا ھەممىدىن ئامراق ـ تە!

ھەر قېتىم مەن بىر ياخشى چارە تېپىپ ئۇنىڭدىن ئۈنۈمگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئارقىدىنلا كاللامغا كېلىدىغان خىيال كۆ-پىنچە تېزرەك ئۇنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇنىڭدىنمۇ ياخ-شى چارىنى قوللىنىش ئىدى. بۇنداق قىلغاندا ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولاتتى. ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، ئۈز-لۈكسىز ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، ئىلگىرىكى چارىلەرنى ئارقا ـ

ئارقىدىن بىكار قىلىش جەريانىدا كاللامدا: دۇنيادا ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش ئۇسۇلى بارمىدۇ؟ دېگەن ئوي پەيدا بولدى.

تەقدىر قەتئىي ئىرادىلىك، ئېگىلمەس ـ سۇنماس كىشىلەر-نى ياخشى كۆرىدۇ.

ئادەمنىڭ دىققىتىنى زادىلا تارتمايدىغان ئادەتتىكى بىر كىتاب مېنىڭ هاياتىمنى ئۆزگەرتىۋەتتى. قىزىمنىڭ تەربىيىسىنى ئۈچىنچى باسقۇچقا يەنى ئېشىپ كېتىش باسقۇچىغا باشلىدى. 1987-يىلى مەن شاڭخەيدە ئادەتتىكى «بالىلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ئېچىش» ناملىق كىتابنى سېتىۋالدىم. بۇ ياپونىيىلىك پسىخولوگ دۇخوۋنىڭ كىتابى بولۇپ، ئاران 60 مىڭ خەتلىك، باهاسى ئالتە موچەنلىك كىتاب ئىدى.

كىتابتىكى بىر ئابزاس سۆز قەلبىمنى لەرزىگە سالدى.

«هەربىر بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا غايەت زور، مۆلچەرلىگۈسىز يوشۇرۇن كۈچ بولىدۇ. هەربىر بالا تالانت ئىگىسى، كائىناتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار هەربىر بالىنىڭ قەلبىدە مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ چەكسىز كۆيۈنۈشىنىڭ نابۇت قىلىشىغا ئۇچرىسىمۇ، ئەمما يەنىلا بەزى بالىلار تالانت ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ».

بۇ يەردە ئاپتورنىڭ «نابۇت قىلىش» دېگەن كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان سۆزنى ئىشلەتكەنلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك. بۇنى هازىرقى بىزنىڭ ئائىلە تەربىيىمىزگە تەتبىقلايدىغان

بولساق، ئۇ گويا كى دېھقانلارنىڭ شورلۇق يەرگە زىرائەت تېرىغىنىغا ئوخشايدۇ. گەرچە شورلۇق يەرنىڭ شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بەزى زىرائەتلەر قەيسەرلىك بىلەن ئۈنۈپ چىقىدۇ. بۇ شورلۇق يەرنىڭ ياخشىلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۈنۈپ چىققان زىرائەتلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ كەتمەيدىغانلىقىدۇر. ئۇ خۇددى «ئاق چاچلىق قىز» ناملىق كىنودىكى باش پېرسوناژنىڭ: مەن ئۆلمەيمەن، مەن ياشايمەن! دېگىنىگە ئوخشايدۇ.

بۇ يەردىكى پاجىئە ئەخمەق ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئائىلە تەربىيىسىنىڭ يەنىلا قاتمال ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بالىلىرىدىن: باشقىلارمۇ ئادەم، سەنمۇ ئادەم، باشقىلار ھەممىسى نەتىجە ياراتتى، سەنمۇ نېمىشقا نەتىجە يارىتالمايسەن دەپ ئاغرىنىغانلىقىدا.

ئائىلە باشلىقلىرى پەرزەنتلىرىنىڭ ياراملىق ئادەم بولۇپ چىقىشىغا بەك تەقەززا بولغاچقا، بالىلارغا بولغان روھىي ھالىتىدە نورمالسىزلىق يۈز بېرىپ، مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈشتەك بىمەنە چارىلەرنى قوللىنىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىلار تىل ـ ئاھانەت، تاياقنىڭ تەمىنى تېتىشقا باشلاپ، قاتتىق بېسىم ۋە ۋەھىمە ئاستىدا ئۆگىنىشنىڭ دەردىنى تارتىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىلارنىڭ گۈزەل ياشلىقى ئۆز گۈزەللىكىنى يوقىتىپ، نۇرلۇق

كۆزلىرى خىرەلىشىشكە باشلايدۇ.

يازغۇچى دۇخۇخۇيىنىڭ كىتابىنىڭ كىرىش سۆزى بەك ياخشى يېزىلغان. ئۇ باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىش ئۆزىمىزدىكى كەمچىلىكلەرنى تۈگىتىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ، دەپ يازغان. مەن تەقەززالىق ئىچىدە كىتابنى كۆرۈشكە باشلىدىم:

«ئەگەر بىز قاتمال بولغان تەربىيىلەش ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىپ، هاياتىي كۈچكە تولغان، ئىنسانىي هېسسىياتقا تولغان (خۇددى دېهقانلار تۇپراقنى ياخشىلىسا، شورلۇق يەرلەرنى مۇنبەت يەرگە ئايلاندۇرسا، زىرائەتلەر ناهايىتى ياخشى، بۇلۇق ئۆسىدىغانلىقىنى بىلگەنگە ئوخشاش) ئۇسۇل قوللىنىدىغان بولساق، بارلىق بالىلار يارامىلىق كىشىلەرگە ئايلىنىدۇ».

كىتابنىڭ خۇلاسىسى:

«دېمەك، بالىلار ئىقتىدارىنىڭ بىخلىرى دەل ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئۆز قولىدا نابۇت قىلىنىدۇ» دىن ئىبارەت.

كىتابتىكى هەر بىر سۆز قەلبىمنى لەرزىگە سالدى. مەن بىر يېڭى ساپ هاۋادىن نەپەس ئالدىم، قەلبىم ئىختىيارسىز هاياجانلاندى. دېمەك، بالىلار تەربىيىسىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئاتا ـ ئانىلار تەگرىدىنمۇ، تەقدىردىنمۇ، ئوقۇتقۇچىلاردىنمۇ، بالىلاردىنمۇ كۆرمەسلىكى، نەزىرىنى ئۆزىگە قارىتىشى، ئۆزىدە نېمە مەسىلە كۆرۈلگەنلىكىنى ئويلاپ بېقىشى كېرەك.

## 2. باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان دادا

مەن بۇ كىتابقا بەكلا قىزىقىپ قالدىم. ئارقا ـ ئارقىدىن ئون نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىقتىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدا خۇددى توك ئۆ- تۈۋاتقاندەك بىر سېزىم پەيدا بولدى. بۇ كىتابتا ياپونىيە پېداگوكى لىڭمۇ جېنيىنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى تونۇشتۇرۇلغان. لىڭمۇ جېنيى نېمە ئۈچۈن دۇنيادىكى بۈيۈك پېداگوكقا ئايلىنالىدى؟ ئۇ كىچىك چاغدا ئۇنىڭ دادىسى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بىر دادا ئىدى.

لىڭمۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا، ياپونىيىدە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يۇقىرى يىللىققا ئۆرلەپ ئوقۇشتا رىقابەت بەك كەسكىن ئىدى. بارلىق ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىگە بەك كۆڭۈل بۆلەتتى. ئەمما لىڭمۇنىڭ دادىسىنىڭ ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىگە بولغان تەلىپى ئۇنداق قاتتىق ئەمەس ئىدى، ھەر قايسى پەنلەردىن 60 نومۇر ئالالىساڭلا بولىدۇ، دەيتتى.

ــ 60 نومۇر ئالسام قانداق بولىدۇ؟ ــ دەيتتى ئوغلى ھەيران بولۇپ. نومۇر خۇددى ئاغدەك ئۇنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ ئۇھ دېيىشىگىمۇ ئىمكانىيەت بەرمەيتتى.

ــ 60 نومۇر ئالساڭ نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ـ دەيتتى دادى-

سى ئۇنىڭغا، ــ 60 نومۇر ئالغانلىقىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتتۈڭ دې-
گەنلىك، لاياقەتلىك بولدۇڭ دېگەنلىك. سەن ئويلاپ باقە،
زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتلىرى لاياقەتلىك بولسىلا ئۇنى زاۋۇتتىن چى-
قىرىشقا بولىدۇ. سەن ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغانىكەنسەن، سېنىڭ
پۈتۈن زېھنىڭنى نام تالىشىشقا سەرپ قىلىۋېتىشىڭنىڭ ھېچقانداق
زۆرۈرىيىتى يوق. ئىمتىھاندا ئىككىنچى بولساڭ بىرىنچىلىكنى
تالاشقىلى كېلىدۇ، ئىمتىھاندا 90 نومۇر ئالساڭ چوقۇم 100 نومۇر
ئالغۇڭ كېلىدۇ، بىر قېتىم 100 نومۇر ئالساڭلا بولمايدۇ، ھەر قې-
تىم 100 نومۇرنى تالاشمىساڭ بولمايدۇ. بالام، ھەي بالام، بىلىم
ئېلىش كىشىلىك دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ خۇشاللىق، ئەگەر كۆڭ
بويى كاللاڭدىن ئىمتىھان نومۇرى زادىلا كەتمىسە، بىلىم ئېلىش
بۇ دۇنيادىكى تۈگىمەس بىر ئازابقا ئايلىنىپ قالامدۇ؟

لىڭمۇنىڭ دادىسى بىلىم ئېلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەقسىتىنىڭ
باللارنىڭ بىلىم ئارزۇسىنى يېتىلدۈرۈش ئىكەنلىكىنى بىر ئېغىز
سۆز بىلەنلا ئېچىپ بەرگەن.

ئۇنىڭ ئوغلى بىردىنلا ئۆزىنىڭ ناھايىتى يېنىكلەپ قالغانلى-
قىنى ھېس قىلىپ خۇشال بولۇپ كەتكەن. لېكىن ئارقىدىنلا بۇ-
نىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي
دادىسىدىن:

ــ دادا، بۇنداق ئۆگىنىشقۇ بەك راھەتلىك ئىش ئىكەن،

قالغان بوش ۋاقىتلاردا نېمە ئىش قىلىمەن؟ — دەپ سورىغان.

— داداڭنىڭ گېپىنى مەڭگۈ ئېسىڭدە تۇت، قالغان ۋاقىتلاردا كىتاب كۆر، بىلىم ئېلىش خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بول!

دادىسىنىڭ گېپى لىڭمۇنىڭ كاللىسىغا مەھكەم ئورنىغان، لىڭمۇ قانائەتلەنگەن هالدا بېشىنى لىڭشىتقان.

شۇنىڭدىن باشلاپ لىڭمۇ دادىسىنىڭ تەلىپى بويىچە دەرستە ئۇنچىۋالا بەك كۈچەپ كەتمىگەن، ئۆگىنىش نەتىجىسى ئوتتۇراھال بولغان. ئەمما، ئۇ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئوقۇغان كىتابلار ساۋاقداشلىرى ئوقۇغان كىتابنىڭ 10 نەچچە ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆگىنىشنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلغان. ئۇ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كۆپلىگەن كىتابلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن «يەنە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى» — يەنى ھەر بىر ھاياتلىق توغرىسىدىكى يېزىقسىز كىتابنى، تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ يېزىقسىز قامۇسنى ئوقۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان.

## 3. ھاياتىي كۈچ بولمىغان بولسا، دۇنيا ئاللىقاچان چۆللىشىپ كەتكەن بولاتتى

تەبىئەت ئۇنىڭ چەكسىز تەپەككۇرىنى قوزغىغان، ئۇنىڭغا

چەكسىز ئەقىل ئاتا قىلغان.

بىر كۈنى، ئۇ ئاجايىپ گۈزەل تەبىئەت قوينىدا مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان بىر ھادىسىنى بايقىغان. دۇنيادا: بوران ئاپىتى، سۇ ئاپىتى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى، يەر تەۋرەش، يانار تاغنىڭ پارتلىشىدەك ئاپەتلەر بەكمۇ كۆپ ئىكەن، ئەمما دۇنيادىكى شەيئىلەر، مەۋجۇداتلاردا يەنىلا شۇنداق رەڭگارەڭ ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدىكەن، بۇ كۈچ زادى نەدىن كەلگەن؟

ئۇ بۇنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ئىزدىنىپ، بۇ سىرنى ئاچماقچى بولغان.

ئادەمنىڭ دىلى چاقماق تېزلىكىدە يورۇيدۇ.

تەبىئەت قوينىدىكى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ دەل ئاشۇ ھاياتىي كۈچ ئەمەسمۇ! ئەگەر ھاياتىي كۈچ بولمىغان بولسا، بۇ دۇنيا ئاللىقاچان چۆللىشىپ كەتكەن بولاتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ لىخمۇنىڭ ھاياتلىق پەلسەپىسىدە ئۆزگىرىش بولغان. ھەرقانداق بىر ئىشنى ياخشى ئىشلىگىلى بولۇش ياكى بولماسلىقتىكى ھالقا ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە ياكى ئەمەسلىكىدە ئىكەن. ھاياتىي كۈچكە ئىگە شەيئى ھەرقانچە ئاجىز، كىچىك بولسىمۇ، ئۇ كۈچىيىدىكەن، قۇدرەت تاپىدىكەن، ھەيۋەتلىك ئېقىنغا ئايلىنىدىكەن. ھاياتىي كۈچ يوق شەيئى مۇقەررەر

ھالدا ئاجىزلىشىدىكەن، ھالاكەتكە قاراپ ماڭىدىكەن.
كېيىن ئۇ گېرمانىيىگە ئىسكىرىپكا ئۆگىنىشكە بېرىپ، ھا-زىرقى زاماندىكى ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر ئېينىشتېين بىلەن تو-نۇشۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان.

## 4. ئۇنىڭ بالىسى ئۆگىنىشكە قىزىقاتتى، ئەمما مەكتەپكە بېرىشقا ئۇنىمايتتى

بىرقانچە يىلدىن كېيىن ئۇ ياپونىيىگە قايتىپ كېلىپ بالى-سىغا ئىسكىرىپكا چېلىشنى ئۆگەتتى. ئىلگىرى ئۇ خەۋەرسىز قالغا-نىكەن، ئۇ بالىسىغا ئىسكىرىپكا ئۆگىتىپلا چۆچۈپ كەتكەن. ئۇ چوڭقۇر ئويغا پېتىپ قالغان، ئۇ ياپونىيىنىڭ مەكتەپ مائارىپىدا زور مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى بايقىغان.
لىڭمۇ زادى نېمىنى بايقىدى؟
بوۋاق بالىلارنىڭ كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدۇ، ئەقىل - پارا-سەت نۇرلىرى پارلاپ تۇرىدۇ، ئەقىل -ئىدراككا تولغان بولىدۇ. بالىنىڭ ئاتا - ئانىلىرى كىشلەرنى كۆرسىلا بالىسىنى ماختاپ، بەلكىم ئۇ تالانت ئىگىسى بولۇپ قېلىشى، زېھنى ئۆتكۈر بالا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دەيدۇ، بۇ چاغدا بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ نەزىرىدە بىر پەرىشتىگە ئايلىنىدۇ. كۆچلۈك قىزىقىش تۇرتكىسىدە بالا

دائىم ئاتا ـ ئانىسىدىن: بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن سوئاللارنى سورايدۇ. بىراقلا نۇرغۇن سوئاللار نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلارنى تەمتىرىتىپ قويىدۇ.

بىر ئانا بۇ ھەقتە ناھايىتى توغرا ئېيتقان:

ــ بالام، سەن ناھايىتى ياخشى سوئال سورىدىڭ، ئاجايىپ قىزىق سوئاللارنى سورىدىڭ! مەن بۇلارغا جاۋاب بېرەلمەي قالدىم. ئەمما ھەرگىز كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما! بۇ دۇنيادا مەكتەپ دەيدىغان بىر جاي بار، ئۇ بىلىم دېگىزى، سېنىڭ ھەممە سوئاللىرىڭغا مەكتەپتە جاۋاب تېپىلىدۇ، ــ دېگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بالا ھەر كۈنى ئانىسىغا يالۋۇرۇپ:

ــ ئانا، مەن قاچان مەكتەپكە بارىمەن؟ قاچان مەكتەپكە بارىمەن؟ ــ دەۋەرگەن.

بىچارە بالا مەكتەپكە بېرىشنى كۈنلەپ، ئايلاپ، يىللاپ كۈتكەن. ئاخىرى مەكتەپكە كىرىش يېشىغا توشقان، ئۇ بەك خۇشال بولۇپ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى ئىچىدە سومكىسىنى ئېسىپ باشلانغۇچ مەكتەپ دەرۋازىسىغا قەدەم قويغان. كىم بىلسۇن، ئىككى ئايغا بارمايلا ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ:

ــ ئانا، مەن ئەمدى ھەرگىز مەكتەپكە بارمايمەن، ئوقۇش دېگەن بەك ئازابلىق ئىش ئىكەن، مېنىڭ سوئاللىرىمغا جاۋاب

چىقمىدى. كۆن بويى كىتابنى قولۇمدىن چۈشۈرمەي خەت مەشىق قىلىدىكەنمەن، خەتنى ياخشى يازالمسام جازاغا ئۇچرايدىكەنمەن. خەتنى 50 قېتىم، 100 قېتىم يازسام بۇرۇن ئۆگەنگەن خەتلىرىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىكەنمەن.

لىگمۇ ئەپەندى بۇنىڭدىن گاڭگىراپ قالغان، مەكتەپ ئەسلىدە بىلىم دېڭىزى بولۇشى كېرەك. بالىلار مەكتەپتە ئوقۇپ كۆزلىرى كۆنسېرى ئەقىل - پاراسەت نۇرلىرىغا تولۇشى كېرەك؛ ئەمما، ئەمەلىيەتتە بەزى بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى ئەكسىچە غۇۋالىشىپ كەتكەن. يۈزلىگەن نېمە ئۈچۈندىن سوئالمۇ سورىيالمايدىغان بولۇپ قالغان، مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنى ياخشى بالا دەپ تونۇيدىغان بالىلارنىڭ قەلبىنى مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئەسكى بالا دېگەن قاراش ئىگىلىۋالغان. كۆزنى چاقنىتىدىغان رەڭدار گۈل ياخشى مېۋە بېرەلمىگەن. مەسىلە زادى نەدە؟

ئۇ هاياتىي كۈچ قارىشى بىلەن ياپونىيە مائارىپىنى ئۆلچەپ كىشىلىك ھېسسىياتىنىڭ كەملىكىدە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. بىلىم ئېلىش كىشىلىك هاياتتىكى ئەڭ زور خۇشاللىق، ئەمما ياپون باللىرى ئۇنى تۈگىمەس ئازاب دەپ تونىغان. مۇنداق مائارىپ ئۇسۇلىنى ئىنكار قىلىۋېتىش ئاسان، ئەمما گەپ بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ياكى دەسسى-

تەلمەسلىكتە.

بىر كۈنى ئۇ بىر ساۋاقدىشىنى يوقلاپ بارغان. ئەمدىلا ساۋاقدىشىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىشىغا، ئۆيىدىن ساۋاقدىشىنىڭ قاتتىق ۋارقىراپ بالىسىنى ئەيىبلىگەن ئاۋازىنى، يەنە ئارىلاپ بالىنىڭ ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— مەنمۇ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمىدىم، ئەسلىدە مەن ئىشلىيەلەيدىغان مەسىلىنى ئىمتىھان كەلسىلا زادىلا ئىشلىيەلمىدىم، — دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.

لىڭمۇ قولىنى قوڭغۇراققا ئۇزاتقان. ئەمما، ئۇ بالىنىڭ ھېلىقى گېپىنى ئاڭلاپ قولىنى تارتىۋالغان. ئۇ بىئەپ چاغدا كېلىپ قاپتىمەن دەپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قايتماقچى بولغان. شۇ چاغدا ئۇ ساۋاقدىشىنىڭ غەزەپ بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغان:

— ئەجەب گەدەنكەشلىك قىلىسەنا! نېمىدەپ ئىمتىھان كەلسىلا كالۋالىشىپ قالىدىڭ، دۆت بولۇپ قالدىڭ...

بۇ گەپلەر بىلەن خۇددى ئەينەكنىڭ يۈزىدىكى چاڭ-توزان سۈرتۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى تەسۋىر روشەن كۆرۈنگەندەك، ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان باش قاتۇرۇپ ئويلىنىپ كېلىۋاتقان مەسىلە ئۇنىڭ كاللىسىدا ئاستا - ئاستا روشەنلىشىشكە باشلىغان.

— چوڭلار ھەممىسى ئېغىز تىلىنى ئۆگىنىش، سۆزلەشنىڭ

تەسلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولمىغان بالىنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارى مۇنداق ياخشى بولىدۇ؟

لىڭمۇ بۇنىڭدا چوقۇم نۇرغۇن سىر بار دەپ قارىغان. شۇ-ڭا، ئۇ ئۆگىنىش نەتىجىسى ناھايىتى تۆۋەن، ئەمما سۆزلەش ئىق-تىدارى ناھايىتى ياخشى بالىلارنى تېپىپ، ئۇلاردىن:

— سىلەر قانداق ئۆگىنىش قىلىسىلەر؟ - دەپ سورىغان، ئۇ بالىلار:

— بىلمەيمىز، ئېھتىمال ئاتا - ئانىمىز شۇنداق ئۆگەتكەن بولسا كېرەك! — دېگەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال بالىلارنىڭ ئاتا -ئانىسىنى تېپىپ سۆزلەشكەن. ئۇ:

— سىلەر ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئاتا - ئانىلار ئىكەنسىلەر! ھە-قىقەتەن بەك قالتىسكەنسىلەر! بالىلىرىڭلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجە-سى ياخشى بولمىسىمۇ، ئەمما سۆزلەش ئىقتىدارى ئاجايىپ ياخشى ئىكەن. سىلەر ئۇلارنى قانداق تەربىيىلىدىڭلار، تەجرىبەڭلارنى سۆزلەپ بەرسەڭلار بولامدۇ؟ — دېگەن.

بۇ ئاتا - ئانىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قېلىپ، بىلمەيمىز دەپ جاۋاب بەرگەن.

لىڭمۇ ئەپەندىنىڭ كۆز ئالدى بىردىنلا يورۇپ ئاجايىپ خۇشال بولۇپ كەتكەن. ئۇ قارىغاندا، بالىلارغا سۆزلەشنى ئۆگ-

تىدىغان ئۇسۇل بەك ياخشى ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئاتا ـ ئانىلار- مۇ ئۇنى بىلمەيدىكەن، دەپ ئويلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاجايىپ مەنتىقىگە تولغان بىر سۆزنى قىلغان.

## 5. ھەقىقەتنىڭ يولىنى تاپقانسىرى ئۇ شۇنچە ئاددىي تۇيۇلىدۇ

ھەقىقەت كۆپ ھاللاردا خۇددى كۈن نۇرى، ھاۋا ۋە سۇ- دەك ئاددىي بولىدۇ. ھەقىقەتنى تاپقىلى بولمىغاندا، ئۇ ناھايىتى سىرلىق تۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭغا زادىلا ئېرىشكىلى بولمايدىغاندەك بىلى- نىدۇ. ئۇنىڭغا ئېرىشكەن ھامان ئۇ كىشىگە شۇنچە سەممىي، شۇنچە ئاددىي، ھەر ۋاقىت ئۆز يېنىمىزدا باردەك بىلىنىدۇ.

بۇ خۇددى دېڭىزدىكى بىر كىچىك بېلىق چوڭ بېلىقتىن:

ــ دېڭىز نەدە دەپ سورىسا، چوڭ بېلىق كۈلۈپ كېتىپ:

ــ مانا، سېنىڭ ئالدى تەرىپىڭ، ئۈستى تەرىپىڭ، ئاستى تەرىپىڭ، ئوڭ تەرىپىڭ، سول تەرىپىڭنىڭ ھەممىسى دېڭىزغۇ!ــ دەپ جاۋاب بەرگىنىگە ئوخشاش.

ھايات ئۇچۇن ئەڭ قىممەتلىك بولغىنى دەل ھەر ۋاقىت بىزنى ئوراپ تۇرغان، كۆرگىلى بولمايدىغان، تۇتقىلى بولمايدىغان ھاۋادۇر. ھاۋا بولمىسا، ھاياتلىق مىنۇتتىلا ئاخىرلىشىدۇ.

لىگمۇ باللارغا سۆزلەشنى ئۆگىتىش ئۇسۇلىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇ دەل باللارغا سۆز- لەشنى ئۆگىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىر يىل ئىچىدىلا مۇزات بىلەن تەڭ ياش، تەڭ سەۋىيىدىكى 700 نەپەر تالانتلىق كىچىك ئىس- كىرىپكىچىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان، پۈتۈن دۇنيا بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران قالغان.

مېنىڭ ئاشۇ كىتابنى كۆرگەندىن كېيىن زېھنىم ئېچىلغان. مەن لىگمۇ پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارلىق باللارنى ئەمەس، بەلكى بارلىق نورمال باللارنى كىچىك ئىسكىرىپكىچى قىلىپ تەربىيىلەپ چىقال- لىغان ئىكەن، مەن نېمىشقا قۇلىقى گاس قىزىمنى زېھنى ئۆتكۈر بالا قىلىپ تەربىيىلەپ چىقالمايدىكەنمەن؟ دەپ ئويلىدىم.

ئالدىمدىكى يول چەكسىز كەڭ ئىدى.

ئەمما، بۇ چاغدا تىگىتىڭ يەنىلا شۇ بۇرۇنقى تىگىتىڭ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانىدى. ئەمما مەن بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن مېنىڭ تىگىتىڭغا بولغان كۆز قارىشىمدا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىش بولدى. مەن ئىلگىرى ئىككى قۇلىقى گاس بولغان قىزىم چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يېگىلى تاماق، ئۈچىسىغا كىيگىلى كىيىم بولسىلا، ئۆلسەممۇ كۆزۈم خاتىرجەم ھالدا يۇمۇلىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ھازىر مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنىمەنكى، كائىناتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار ھەر بىر ھاياتلىق

ئىگىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت. شۇنىڭ بىلەن مەن ئىككى قۇلىقى پۈتۈنلەي گاس قىزىمنى ئۆزۈمنىڭ تۇنجى تەجرىبەم قىلىش نىيىتىگە كەلدىم.

# تۆتىنچى باب خۇشال كەيپىيات ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىش، مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشى

قىزىمنى تەربىيىلىشىمدىكى سىرىم: قىزىمنىڭ كۆڭلى ئازادە بولسا، ئۇنىڭ خۇشال ۋە ئەركىن ئازادە ئۆگىنىش قىلىدىغانلىقىدا.

مەن قىزىمغا نەتىجىسىدىن ھوزۇرلىنىش ۋە ھاياجانلىنىش ھېسسىياتى ئىچىدە ئۆگەتتىم، قىزىم خۇشاللىق ۋە مەستانىلىق ئىلكىدە ئۆگەندى، شۇنىڭ بىلەن مۆجىزە يۈز بەردى. دېڭ چۇفاڭ ئەپەندى بۇنى: «مېھرى - شەپقەت ۋە تەربىيە ياراتقان ئىنسانىنىڭ ئۆزى ئۇستىدىن غالىب كېلىشىدىكى مۆجىزە» دەپ ئاتىدى.

## 1. ھېلىن كېللېر

قىزىمنىڭ ھاياتىدىكى چەكسىز يوشۇرۇن كۈچنى ئويغىتىش ئۈچۈن، قىزىمنى تەربىيىلەشتىكى بىرىنچى تەدبىرىم ئۇنىڭغا ئۆز سېزىمىنى تاپقۇزۇش بولدى. مېنىڭچە، ئەڭ مۇھىم ئىش ئۇنىڭغا

مەن ياخشى بالا دېگەن سېزىمنى ھېس قىلدۇرۇش ئىدى.

قىلاي مەن قارلىق دالىدا خالىغىنىمنى،
چۈنكى تاپالمىدىم مەن ئۆز سېزىمىمنى.

سېزىم توغرا بولسا، ئاندىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغىلى بولىدۇ، ھايات ياخشى سېزىم ئىچىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، شۇنىڭدىلا ئۇنىڭ يولى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

سەندە ئۆزۈڭنى تالانت ئىگىسى دەپ تونۇيدىغان سېزىم بار بولسا، تالانت ئىگىسىگە ئايلىنالىشىڭ مۇمكىن. ئۆزۈڭنى قەھرىمان دەپ تونۇيدىغان سېزىم بولسا قەھرىمان بولالىشىڭ مۇمكىن. بالىدا ياخشى بالىمەن دېگەن سېزىم بولسا، ئۇ ياخشى بالا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

مەن قىزىمنى تەربىيىلەش جەريانىدا بالامدا ياخشى بالىمەن دېگەن سېزىمنى پەيدا قىلىشنىڭ بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ھېس قىلدىم.

مەن لىڭمۇ جېنىيىدىن ئىلھام ئېلىپ، تىڭتىڭدا ئىشەنچ تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا ياخشى بالىمەن، دېگەن سېزىمنى پەيدا قىلدىم.

ئۇنى قانداق پەيدا قىلدىم؟

مىنىڭ ئادەتتە ئۇنىڭ سەۋەبى قەلبىگە ئۇزلۇكسىز تەسىر كۆرسىتىشىمدىن سىرت، بىر دراماتىك ھېكايە ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى بالىمەن دەپ تونۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

19 ـ ئەسىردىكى ئامېرىكىدا ھېلىن كېللېر ئىسىملىك بىر قىز، ئەمما ھەم گاس بىر ئۇلۇغ زات ئۆتكەن. ئۇ ئالتە يېرىم ياشقا كىرگەندىمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلالمايتتى، ئەمما 18 ياشقا كىرگەندە بەش خىل تىلنى ئۆگىنىپ، پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. مەن ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ناھايىتى قىزىقتىم. بىر كۈنى مەن «ھېلىن كېللېرنىڭ تەرجىمھالى» دېگەن كىتابنى كۆرۈۋېتىپ، بىردىنلا ھېلىننىڭ تۇغۇلغان كۈنىنىڭ 1880-يىلى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. قىزىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ـ 1980 يىلى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئىدى. مېنىڭ ئۇنى كۆرۈپ دىلىم پاللىدە يورىدى، قاتتىق ھاياجانلاندىم، دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ ئۇدۇل كېلىدىغان ئىشلار بولىدىكەن ـ ھە! مەن ئىچىمدىكى خۇشاللىقىمنى باسالماي، ئۇچقاندەك ئۆيگە قايتىپ كېلىپ چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە تىڭتىڭنىڭ قولىنى چىڭ سىقتىم.

ــ تىڭتىڭ، بەك ياخشى بولدى، مەن ئاجايىپ ياخشى بىر خەۋەرگە ئېرىشتىم. ئۇزۇندىن بۇيان سېنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئەقىللىق ئىكەنلىكىڭنى، نېمە ئۈچۈن شۇنچە زېرەكلىكىڭنى بىلەلمەي گاڭگىراپ يۈرەتتىم. مەن ئاخىرى بۇنىڭ سەۋەبىنى

تاپتىم. سەن ئەسلىدە ھېلىنغا ئاجايىپ ئوخشايدىكەنسەن ئەممەسمۇ!

— بۇنى قانداق ئىسپاتلايسىز؟— تىكتىنىڭ چۈشەنمەي سورىدى.

— قارا، سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ ھېلىننىڭ تۇغۇلغان كۈنىدىن بىر كۈنمۇ كەم ئەمەس توپتوغرا يۈز يىل پەرق قىلىدىكەن.

— راستمۇ؟ - تىكتىنىڭنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى.

مانا كىتابتا تۇرۇپتۇ، بىر كۈنمۇ كەم ئەمەس!— مەن كىتابنى تىكتىنىڭغا ئۇزاتتىم.

تىكتىنىڭ شۇئان كىتابقا ئېڭىشتى، ئەمما، كۆرۈپلا سەل ئۈمىدسىزلەندى.

— ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى 6- ئاينىڭ 27 - كۈنى ئىكەن، مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم 6- ئاينىڭ - 29 كۈنى، ئىككى كۈن پەرق قىلىدىغان تۇرسا.

مەن ئالدىرىماي چۈشەندۈردۈم: مېنىڭ بىلىشىمچە، بىر كۈنمۇ كەم ئەمەس. ھېلىننىڭ ئانىسى ئۇنى تۇغقاندا تۇغۇتى ئۇ-ڭۇشلۇق بولغانىكەن، ئاناڭ سېنى تۇغقاندا تۇغۇتى قىيىن بول-غان، شۇڭا ئىككى كۈن كېيىن تۇغقان.

بىردىنلا، تىكتىنىڭنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ، خۇددى ھېلىننىڭ قېنى ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا ئۆركەش-

لەۋاتقاندەك، ھېلىنىنىڭ روھى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئايلىنىپ يۈر-گەندەك سېزىم پەيدا بولدى!

## 2. ئاكتىپلىق بىلەن بىرلىگەن پىسخىك بېشارەت

تىڭتىڭىنىڭ سېزىمىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتىكى ھەر بىر كىچىك ئىشلارنى چىڭ تۇ-تۇپ، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا بۇ سېزىمنى ھېس قىلدۇردۇم.

قىزىم بالدۇرلا خەت تونۇغاچقا، كىتاب ئوقۇشقا بەك ئامراق ئىدى، ئۇ كىتابنى قولىدىن چۈشۈرمەي مەستانىلەرچە ئوقۇيتتى. ئۇ گاس بولغاچقا، بىجىرىم بالىلارغا قارىغاندا ئۆزىدە تېخىمۇ ئى-شەنچ بولۇشى، تېخىمۇ قەيسەر بولۇشى كېرەك ئىدى. مەن قى-زىمدىكى سېزىمنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۇستىلىدىكى ئەي-نەك تاختىغا ئامېرىكىنىڭ: «تالانتلىق بالىلارنىڭ ھەرىكىتى» دې-گەن جەدۋەلنى باسۇرۇپ قويدۇم. جەدۋەلدىكى بىرىنچى مەزمۇن كىتابنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ كۆرۈش، تاماق يېيىش، ئۇيقۇنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىش ئىدى.

مەن مەقسەتلىك ھالدا قىزىمنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئۇ جەدۋەل بىلەن بىرلەشتۈردۈم.

قىزىم ھەر قېتىم كىتاب كۆرۈپ، تاماق ۋاقتىنى، ئۇخلاش

ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن چاغدا، مەن ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابنى تارتىۋالماي ئەكسىچە خۇشاللىق بىلەن قىزىمنى ئۇستەل ئالدىغا ئەكىلىپ، ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا:

— تىڭتىڭ، تىڭتىڭ، قارا، «تالانتلىق باللارنىڭ ھەرىكەتى» دىكى بىرىنچى مەزمۇن نېمە؟ ئۇ كىتاب كۆرگەندە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرىلىش، تاماق يېيىش، ئۇخلاشنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىش، سىنىڭ ھەرىكىتىڭ بىرىنچى شەرتكە ئۇيغۇن بولىدۇ دەيتتىم. قىزىمنىڭ كۆزلىرى نۇرلىناتتى.

مۇنداق ئاكتىپلىق بىلەن بېرىلگەن پىسخىك بېشارەت قىزىمنى بارغانسېرى ئىشەنچكە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ سېزىمىمۇ بارغانسېرى ياخشى بولۇشقا باشلىدى.

تىڭتىڭنىڭ ھېكايىسى ئېھتىمال نۇرغۇن ئاتا - ئانىلارغا ئىلھام بولۇشى مۇمكىن. نېمە ئۈچۈن ھازىر بەزى باللارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولمىغاچقا، ئاتا - ئانىلىرى بۇنى زادىلا چۈشىنەلمەي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە بۇ يەردىكى تۈپ سەۋەب باللارنىڭ سېزىمىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىدە.

ئۇ قانداق سېزىم؟ مەن ياخشى بالا دېگەن سېزىم.

ئىمتىھان ماتارىيىدا باللارنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم پەقەت نومۇرلا بولغانلىقى ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ، باللىرىنى بىرىنچىلىككە ئېرىشتۈرۈشكە، ھېچبولمىغاندا

ئالدىنقى ئۇچىنچىلىككە ئېرىشتۇرۇشكە تەقەززا بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما بىرىنچىلىك نىشانى پەقەت بىرلا بولغاچقا كۆپىنچە باللار بۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلاردىكى ياخشى باللىق سېزىمى بارغانسېرى ئاجىزلايدۇ، ھەتتا يوقىلىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. گەرچە بەزىدە بىردىنلا ئۆز تالانتىنى كۆرسىتەلىسىمۇ، يەنىلا قاتتىق دەككە - دۈككىچىلىك ئىچىدە ناۋادا چۈشۈپ كېتىپ قالسام قانداق قىلارمەن؟ دەپ كۆڭلىرى ئەندىشە ئىچىدە ئۆتىدۇ.

مەن باللارنى بىر - بىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ دېمەكچى ئەمەسمەن، گەپ قانداق سېلىشتۇرۇشتا. بەزى ئاتا - ئانىلار باشقا باللارنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئۆز باللىرىنىڭ كەمچىلىكىنى سېلىشتۇرىدۇ، ئاشۇنداق سېلىشتۇرۇۋېرىپ ئۆز باللىرىنى ئىشەنچ ۋە ئىززەت - ھۆرمەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ. بۇ باللار ئۈچۈن ئەجەللىك زەربىدۇر.

## 3. چەمبەر تۇراقلىق قىممىتىنى ئۇنلۇق كەسىر چېكىتىدىن كېيىنكى مىڭىنچى خانىسىغىچە يادلاش

قىزىمدا ياخشى باللىق سېزىمىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، تىڭتىڭ سەككىز ياشقا كىرگەن يىلى مەن بىر تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ، قىزىمغا ۋە ئۆزۈمگە يېڭى جەڭ ئېلان قىلدىم.

بىر كۈنى مەن قىزىمدىن تەنتەكلىك بىلەن:

— سەن دۇنيادىكى چەمبەر تۇراقلىق قىممىتى ئۇنلۇق كەسىر چېكىتىدىن كېيىنكى مىڭىنچى خانىغىچە يادقا بىلىدىغان تۇنجى بالا بولۇشنى خالامسەن؟ — بۇ دېگەن ناھايىتى چوڭ خىرىس، مېيىپ بالىلارنى دېمەي تۇرايلى، ساغلام، بېجىرىم بالىلاردىنمۇ بۇنى يادقا بىلىدىغانلار يوق! سەن ئۇنى يادلاشقا جۈرئەت قىلالامسەن؟ - دەپ سورىدىم.

بۇ چاغدا تىڭتىڭدا كۈچلۈك ئىشەنچ پەيدا بولغانىدى. ئۇ دەرھال جاۋاب بېرىپ:

— بولىدۇ!— دېدى.

ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە بولغاندا، بىر كۈندە 24 سائەت ئىچىدە ھەتتا تاماق يېمەي، دەم ئېلىپ ئۇخلىماي، قاتتىق جاپا - مۇشەققەت چېكىپ يادلىسىمۇ، بۇنى ئېھتىمال يادقا ئالغىلى بولماس.

ئەمما مەن قىزىمغا سۆزلەشنى ئۆگەتكەن ئۇسۇل بىلەن قىزىمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق قوزغىتىپ، ئۇنى خۇشاللىققا چۆمدۈردۇم، ئۇ مەستانە ھالەتكە كەلدى، قاتتىق ھاياجانلاندى. مەن مىڭ خانەساننى ئاجايىپ - غارايىپ، قىزىقارلىق ھېكايە شەكلىدە گۇرۇپپىغا ئايرىپ بەردىم، ئۇ ھەر كۈنى 100 خانە يادلىدى، شۇنىڭ بىلەن 10 كۈندىلا يادلاپ بولدى. دەسلەپ بىر قې-

تىم يادلاشقا 20 مىنۇت كەتتى، كېيىن بەش مىنۇتتىلا يادلاپ بولالايدىغان بولدى.

چەمبەر تۇراقلىق قىممىتىنى ئۇنلۇق كەسىر خانىسىدىن كېيىنكى مىڭىنچى خانىسىغىچە يادلاش دۇنياۋى مۆجىزە ئىدى.

ھاياتىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى كىشىنى قاتتىق ھاياجانلاندۇراتتى. مەن ھاياجان بىلەن قىزىمغا:

— بەك قالتىس ئىش بولدى، تىڭتىڭ! باشقىلار قىلالىغاننى سەن قىلالىدىڭ، باشقىلار قىلالمىغاننىمۇ سەن قىلالىدىڭ! مەن بەك خۇشال بولدۇم!— دېدىم.

بۇ ئىش جۇڭگو مىيىپلار بىرلەشمىسىنى زىلزىلىگە سالدى. جۇڭگو مىيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى دېڭ پوفاڭ مېنى ۋە قىزىمنى مەخسۇس قوبۇل قىلىپ، يۇقىرى باھا بېرىپ: بۇ «مېھرى - شەپقەت ۋە تەربىيىنىڭ نەتىجىسىدە ئىنسان ئۆزى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن مۆجىزە» دېدى.

## 4. بەك ياخشى بولدى، پەقەت ئىككىلا سانىنى كەم ساندىڭ

قىزىمنى تەربىيىلەشتىكى ئىككىنچى تەدبىرىم ئۇنىڭغا مەغلۇبىيەتنىڭ تەمىنى تېتىتىش ئەمەس، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تەمىنى

تېتىتىش ئىدى، ئەنئەنىۋى قاراشتا تىرىشىسىلا مۇۋەپپەقىيەت قازان-
غىلى بولىدۇ دەپ تونۇلاتتى. مەن مۇۋەپپەقىيەت ھەرىكەتلەنىدۇر-
گۈچ كۈچ پەيدا قىلىدۇ، دەپ تونۇيمەن. باللارنىڭ گۆدەك قەلبى
كۆپىنچە مۇۋەپپەقىيەت ئۈمىدىنى كۆرگەندىلا تىرىشىش ئىستىكى-
گە ئىگە بولىدۇ. كىچىك مۇۋەپپەقىيەتلەر يىغىلىپ توپلانغاندا ئاند-
ىن ئۇ چوڭ غەلىبىگە ئايلىنىدۇ. باللارغا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تەمى-
نى قانداق تېتىتىش كېرەك؟

قىزىم يەتتە ياشقا كىرگەندە ھېسابلاش مەسىلىلىرى بىلەن
ئۇچراشتى، بىر قېتىم ئۇ 10 مەسىلىنىڭ پەقەت بىرىنىلا توغرا
ئىشلەپتۇ، ئەگەر باشقا ئاتا ـ ئانىلار بولىدىغان بولسا بالا گەپ
قىلماي ئىككى تەستەك يەيتتى. بىر مەسىلىنى خاتا ئىشلەپ قويۇ-
سىغۇ كەچۈرۈشكە بولار، توققۇز مەسىلىنى خاتا ئىشلەپ قويسا
زادىلا كەچۈرۈشكە بولمايتتى.

مەن تىڭتىڭ توغرا ئىشلىگەن ئاشۇ بىر مەسىلىگە قارىغان
چېغىمدا كاللامغا دەرھال ئامېرىكا فىلىمى «ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇ-
غۇچىلىق مېھرى» فىلىمىدىكى ئاشۇ مۇنەۋۋەر ئاق تەنلىك ئوقۇت-
قۇچى كەلدى. ئۇ ئۇزاق مۇددەت ئىرقىي كەمسىتىشكە ئۇچراپ
كېلىۋاتقان بىر نېگىر بالىغا دەرس ئۆتۈۋاتقان چاغدا سەۋرچانلىق
بىلەن:

ــ بالام، مەن سېنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى بالا ئىكەنلى-

كىنىگە، مەردانە ئەزىمەت، بىر ئەركەك ئىكەنلىكىنگە ئىشىنىمەن.
سەن جىددىيلەشمە، قېنى، مېنىڭ بۇ قولۇمنىڭ قانچە بارمىقى بار ئىكەن، ئۇبدان بىر ساناپ باق ـ! دەيدۇ.

ئۇ بالا ئاستا ـ ئاستا بېشىنى كۆتۈرىدۇ ـ دە، يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىدۇ، ئاندىن مۇئەللىمنىڭ بەش بارمىقىغا تىكىلىپ تۇرۇپ بىر ھازاغىچە سانايدۇ، ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ:

ــ ئۈچ، ــ دەيدۇ.

بەك ياخشى بولدى، سەن ھەقىقەتەن ئاجايىپ قالتىس ئىكەنسەن!ــ پەقەت ئىككىنىلا كەم سانىدىڭ!

مۇئەللىمنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن خۇددى قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن يەر يامغۇرغا ئېرىشكەندەك، بالىنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا نۇرلىنىدۇ.

«ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىق مېھرى» فىلىمىدىكى بۇ كۆرۈنۈش مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇ ماڭا ئىنتايىن زور ئىلھام بەرگەن. مەن قىزىم ئىشلىگەن ئون مەسىلىدىن خاتا ئىشلىگەنلىرىگە خاتا بەلگىسى ئۇرمىدىم، توغرا ئىشلىگەن مەسىلىگە يوغان قىلىپ توغرا بەلگىسى ئۇردۇم. ئەمما ھازىر بەزى مۇئەللىملەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرگەندە، توغرا ئىشلىگەن مەسىلىلەرگە كىچىك قىلىپ توغرا بەلگىسىنى ئۇرىدۇ، چۈنكى ئوقۇغۇچىلار مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ، دەپ ئەنسىرەيدۇ. خاتا ئىشلى

گەن مسالغا يوغان قىلىپ خاتا بەلگىسى ئۇرىدۇ، ھەتتا بەزىدە قاتتىق كۇچەپ دەپتەرنىڭ قەغىزىنى تېشىۋېتىدۇ.

تىگىتنىڭ بىر مەسىلىنى توغرا ئىشلىدى، مەن ئالدى بىلەن ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇشنى ئويلىدىم، ئالدى بىلەن ئۇ ئەمدىلا تەمتىرەپ مېڭىشقا باشلىغاندا ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىمنى ئويلىدىم. ئۇ تۇنجى قېتىم دادا دەپ چاقىرغاندا ئۆزۈمنىڭ ھاياجاندىن يىغلاپ كەتكەنلىكىمنى ئويلىدىم. شۇڭا، مەن چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن:

— ھەقىقەتەن خىيالىمغىمۇ كەلمەپتىكەن، سەن شۇنچە كىچىك تۇرۇپ شۇنچە قىيىن مەسىلىنى ئىشلەپ، تۇنجى قېتىمدىلا بىر مەسىلىنى توغرا ئىشلەپسەن! — دېدىم.

تىگىتنىڭ چېھرىدە خۇشاللىق ئىپادىسى جىلۋىلەندى، ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ:

— دادا، سەن كىچىك ۋاقتىڭدا مەسىلە ئىشلىيەلەمتىڭ؟ -دەپ سورىدى.

— مەن ئىشلىيەلمەيتتىم، مەن سەندەك چېغىمدا مۇنداق قىيىن مەسىلىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان!

تىگىتنىڭ ئىشەنچى بىردىنلا ھەسسىلەپ ئاشتى، خۇددى ئۇنىڭغا قانات چىققاندەك، ماتېماتىكا بىلىملىرى ئاسمىنىدا ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇچ يىل ئىچىدىلا

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالتە يىللىق ماتېماتىكا دەرسلىكىنى تولۇق ئىگىلەپ بولدى.

## 5. ئوغلىنىڭ زەپەر قۇچۇپ قايتقان قەھرىمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش

ماتېماتىكىدا شۇنداق بولدى، ئەمدى تىلدىچۇ؟

مەن ئۈچ جانلىق بىر ئائىلىنى زىيارەت قىلغان ئىدىم. ئۇلارنىڭ بالىسى قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، خاپا بولغان هالدا ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇراتتى، تاپشۇرۇق دەپتىرىگە بىرقانچە قۇرلا خەت يېزىلغانىدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ ناھايىتى خاپا، قوشۇمىسى قاتتىق تۈرۈلگەن هالدا سافاغا قىڭغىر يۆلىنىپ ئولتۇراتتى.

بالا بىردەم قۇلىقىنى تاتىلايتتى، بىردەم بېشىنى تاتىلايتتى، قەلەمنى قولىغا ئېلىپ يەنە قويۇپ قوياتتى.

ــ قانچە جۈملە يازدىڭ؟ - دادا ئاخىرى جىمجىتلىقنى بۇزدى.

ــ يەتتە - سەككىز جۈملە يازدىم، ئاپا، كېيىنكى جۈملىنى قانداق يازىمەن؟ - دەپ سورىدى بالا خاتىرجەمسىزلىك بىلەن.

ــ چۈشتىن كېيىن يېرىم كۈن ئاران يەتتە - سەككىز جۈملە خەت يېزىپ، يەنە شۇنداق دەپ سوراشقا يۈزۈڭ قانداق

چىدىدى؟ - دېدى تاقىتى - تاق بولغان ئانا ئاۋازىنى تېخىمۇ قاتتىق چىقىرىپ، ئارىنى جىددىيلىك قاپلىدى.

مەن بۇ ئاتا - ئانىلارنى يەنە بىر ئۆيگە چاقىرىپ:

— بالىڭىزنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلەش ئەھۋالى قانداقراق؟ - دەپ سورىدىم.

— ئۇ نەدە تاپشۇرۇق ئىشلەيدۇ، ھەممىنى دېگۈدەك بىز ئىشلەپ بېرىۋاتىمىز، بۇ خاپىلىقتا چاچلارمۇ ئاقىرىپ كەتتى، - دېدى دادا ئاچچىقىدا بېشىنى چايقاپ.

— ئادەتتە ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە قانداق ياردەم قىلىسلەر؟

— «مۇنەۋۋەر تاپشۇرۇقلاردىن تاللانما» نى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا بېرىمىز.

مەن ئۇستەلدە بىر مۇنچە «مۇنەۋۋەر تاپشۇرۇقلاردىن تاللانما» نىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

— ئۇنىڭ ئۈنۈمى قانداقراق بولۇۋاتىدۇ؟

— بىر پارچىنىمۇ كۆرمىدى، ئۇنى ھەر بىر كۆرسىلا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ ئۆزىنى باسالمايلا قالىدۇ.

— نېمىشقا؟

— ھەر قېتىم ئوغلىمىزغا «مۇنەۋۋەر تاپشۇرۇقلاردىن تاللانما»نى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە دەسلەپتە ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ھەر ھالدا ياخشى بولىدۇ. ئوقۇغانسېرى ئاچچىقىمىز شۇنچە تۇتـ

دۇ، ئاخىرى زادىلا سەۋر ـ تاقەت قىلالماي: باشقىلارمۇ ئادەم، سەنمۇ ئادەم، باشقىلارنىڭمۇ بىر كاللىسى بار، سېنىڭمۇ بىر كاللاڭ بار، باشقىلار شۇنداق ياخشى ماقالىلەرنى يازالايدىكەنۇ، سەن نېمانداق قاملاشمىغان نەرسىلەرنى يازىسەن؟ — دەيمىز.

بۇ ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىڭ مەنىۋى تەگپۇگلۇقىنى يوقاتقاندەك تۇراتتى، پۈتۈن دىققىتى بالىسىغىلا قادىلىپ قالغاندى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۆزى توغرىسىدىمۇ ئويلىنىپ باقمايدۇ؟ مەن ئۇلارنىڭ بالىسى ئۈچرىغان ئادالەتسىز مۇئامىلىدىن ئاچچىقىمنى باسالمايلا قالدىم.

— سىز ئۆزىڭىزمۇ شۇنچىلىك ياخشى ماقالە يازالامسىز؟ ـ دەپ سورىدىم مەن ئىختىيارسىز.

— مەنمۇ؟ يازالمايمەن ـ دادىنىڭ ئەلپازى سەل ياندى. تەلەپپۇزىمۇ سەل يۇمشىدى.

مەن قەدەممۇ قەدەم قىستاپ كەلدىم.

— سىزمۇ يازالمايدىكەنسىز، شۇنداق تۇرۇپ بالىنى مەجبۇرلاپ قىستاۋەرسىڭىز بالىنىڭ ياخشى سېزىمىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان بولمامسىز؟

دادا تۇرۇپلا قالدى، ئۇ چوقۇم مەسىلە مەندىمۇ دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ بۇ ئوتنىڭ ئۆزىگە تۇتىشىپ كېتىشىدىن قورقاتتى، ئەمما مېنىڭ سۆزۈمنىڭ قائىدىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ھېس قىـ

لىپ، ئىختىيارسىزلا:
— سىزنىڭچە ماقالە يېزىشنى بالىغا قانداق ئۆگەتسەك بو-لىدۇ؟ - دەپ سورىدى.
— بۇ بالىغا سۆزلەشنى ئۆگىتىش بىلەن ئوخشاش. بالىنىڭ ئەمدىلا تىلى چىقىپ سۆزلەشكە باشلىغاندا، سىلەر ھەممىڭلار تالانتلىق قەدىرلەش مائارىپچىسى بولۇپ كېتىسىلەر، بالىغا بولغان تەلەپنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرىسىلەر. بالا بىرىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ، پەقەت سۇ دېگەن، ھەتتا سۇمۇ دېيەلمەي، پۇ دېگەن تەقدىردىمۇ سىلەر بۇنىڭدىن قاتتىق ھاياجانلىنىسىلەر. ۋاي، قالتىس ئىش بولدى، بالىمىز سۇ دېيەلەيدىغان بولدى دەپ بۇنى دەرھال ئىككى تەرەپتىكى بوۋا، مومىلىرى ۋە بالىنىڭ تاغا، ھاما، تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسىگە تېلې-فون بېرىپ خەۋەر قىلىسىلەر.
بۇ بىر ئېغىز «پۇ» دېگەن سۆز پۈتۈن جەمئىيەتكە يەتكۈ-زۈلىدۇ. بىر ئېغىز «پۇ» دېگەن سۆز بىلەن بۇ ئوغۇل زەپەر قۇ-چۇپ كەلگەن قەھرىماندەك ئالقىشلىنىدۇ، سۆزلەشنى ئۆگىنىشنىڭ چەكسىز خۇشاللىقىنىڭ لەززىتىنى تېتىيدۇ. بارلىق بالىلار دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۆز ھاياتىدىكى ئۆگىنىش ئەڭ تەس بولغان سۆزنى ئۆگەنگەن ئەمەسمۇ؟!
بالىنىڭ دادىسى سۆزۈمنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىدى.

ئۇ ئالدىغا سەل ئېڭىشتى، چىرايىدىكى ھالەتمۇ نورماللاشتى، ئۇ بېشىغا ئۆرۈپ تۇرۇپ:

— توغرا، ھەقىقەتەن يوللۇق گەپ، ئەمما، ئېغىز تىلى بىلەن يېزىق تىلى بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدۇ - دە!— دېدى.

بالىنىڭ دادىسىنىڭ گۇمانى تېخى تولۇق تۈگىمىگەنىدى، ئۇ بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرىنى بىلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

— ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش، ناۋادا بالىڭىز سۆزلەشنى ئۆگىنىشكە باشلىغان چاغدا، تۇنجى قېتىم بىر ئۇستاكان سۇ بېرىڭلار، بولامدۇ؟ دېسە، ھۆددە قىلىمەنكى، سىز قورقۇپ كېتىشىڭىز، بۇ بالىنىڭ كاللىسىدا كېسەل بارمۇ نېمە؟ دەپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، ئۇنداق چاغدا بالىنىڭ مۇنداق تولۇق، مۇكەممەل بىر جۈملە سۆز قىلىشى غەيرىي ئەھۋال، بىر سۆز قىلىشى نورمال ئەھۋال بولىدۇ.

بالىنىڭ دادىسى گېپىمنى پۈتۈن زوقى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلاپ، چىرايى ئېچىلىپ كۈلۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا داۋاملىق چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم.

— سىزنىڭ روھىي ھالىتىڭىز بالىڭىزغا ئاشۇ تۇنجى قېتىم سۆزلەشنى ئۆگىنىۋاتقان ھالەتكە قايتىشى كېرەك. بالىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە ماقالىنى ياخشى يازالماسلىقى نورمال ئەھۋال، بەك ياخشى

يازسا ئەكسىچە ئانچە نورمال ئەھۋال بولماي قالىدۇ، ھەرقانچە نا-چار يېزىلغان ماقالىدىمۇ يەنىلا بىرقانچە خېلى ياخشى يېزىلغان جۈملىلەر بولىدۇ. ماقالىدىكى ئاشۇ ياخشى جۈملىلەر دەل بالا ئەڭ دەسلەپتە سۆزلەشنى ئۆگىنىۋاتقان چاغدا دېگەن ئاشۇ «پۇ» دېگەن سۆز ئەمەسمۇ؟

مەن ئۇلارغا تىڭتىڭنىڭ ھېكايىسىنى ناھايىتى چۈشىنىش-لىك، راۋان قىلىپ سۆزلەپ بەردىم:

— قىزىم دەسلەپتە ماقالە يېزىشنى ئۆگىنىۋاتقان چاغدا، بىز ئۇ يازغان ياخشى جۈملىلەرنىڭ ئاستىغا دولقۇنسىمان قىزىل سى-زىق سىزىپ قويدۇق، تېخىمۇ ياخشى يېزىلغان جۈملىلەرنىڭ ئاستىغا قوش سىزىق سىزىپ قويدۇق. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، بۇ ياخشى جۈملىلەرنى تىڭتىڭغا ئوقۇتۇپ ئاڭلىدۇق. ئۇ بېشىنى پۇلاڭلىتىپ ئوقۇيتتى، بىز پۈتۈن دىققىتىمىز بىلەن ئاڭلايتتۇق، ئاندىن قىزغىنلىق بىلەن چاۋاك چالاتتۇق. ئۇ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئۆزۈمنىڭ دېكلاماتسىيە قىلىش ئالاھىدىلىكىمنى جارى قىلدۇرۇپ، ناھايىتى جاراڭلىق، ھېسسىياتلىق، تەسىرلىك قىلىپ ئوقۇيتتىم، ئاندىن تىڭتىڭغا:

— تىڭتىڭ، ھەقىقەتەن ئويلىماپتىمەن، سەن شۇنچە كى-چىك تۇرۇپ مۇشۇنداق ياخشى ماقالىنى يېزىپسەن، مەن كىچىك

چېغىمدا ھەرقانچە قىلساممۇ مۇنداق ماقالىنى يازالمايتتىم، ماڭا تەجرىبەڭنى سۆزلەپ بەرسەڭ دەيتتىم.

— ئۇ يەنە ھەر قېتىم تەجرىبە تونۇشتۇرغاندا، سۆزلىگەن سېرى ھاياجانلىناتتى، سۆزلىگەنسېرى تېخىمۇ تەسىرلىك سۆزلەيتتى. كېيىن ئۇ چۈشىدىمۇ ياخشى سۆزلەشنى چۈشەيدىغان بولدى. ياخشى سۆزلىگەنسېرى ماقالىسى تېخىمۇ ياخشى يېزىلىدىغان بولدى. قىزىم ئون ياشقا كىرگەندە مەن بىلەن بىرلىشىپ «گاچا قىزدىن خىسلەتلىك بالىغىچە» دېگەن كىتابنى يازدى. تىڭتىڭنىڭ ھەجمى 60 مىڭ خەتلىك بولغان ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىسى ئاجايىپ ياخشى يېزىلغانىدى، نۇرغۇن بالىلار ئۇ كىتابنى يوتقىنىغا يۆركىۋېلىپ قولچىراغ يورۇقىدا ئوقۇغان.

بالىنىڭ دادىسى ھەقىقەتەن قايىل بولدى، ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلىپلا كەتتى. ئەمدى ئۇ قارشى قىرغاققا ئۆتىدىغان كېمىنى تاپقان، ئىلگىرى بولسا پىرىستانىنىڭ نەدىلىكىنىمۇ تاپالمىغانىدى.

## 6. «كۆپ تۆۋەن تۇرسەن»، «كۆپ ئۈستۈن تۇرسەن»

تىڭتىڭنىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى ھېكايىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسىدىكى قورقۇنچلۇق تۇ-

يۇق يولدىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.
هازىرقى جۇڭگودا نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار «مەدەنىيەت ئىنـ قىلابى» نىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغاچقا، ئۆمرىمىز بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى، كارغا يارىماس ئادەم بولۇپ قالدۇق، دەپ قاراپ بارلىق ئۈمىدىنى بالىلىرىغا بېغىشلىغان. ئۇلارنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش روھىي ھالىتى بالىلار تەربىيىسىدە ئۇلارنى كۆپىنچە بالىلىرىدىن رەنجىشكە مەجبۇر قىلغان:
— ھەي قارا سېنى! قارا سېنىڭ بۇ يارىماسلىقىڭنى! سېنى بىزنىڭ كىچىك ۋاقتىلىرىمىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئارقىدا تۇرىسەن!
بالىلار ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپلا ئىختىيارسىز ھالدا ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىدە:
— ھازىر سىلەر كارغا كەلمىسەڭلار، سىلەرنىڭ كىچىك ۋاقتىڭلارغا سېلىشتۇرغاندا مەن تېخىمۇ ئارقىدا تۇرسام، كەلگۈسىدە مەن پۈتۈنلەي تۈگەشمەمدىمەن، دەپ ئويلايدۇ.
مەن قىزىمغا تەربىيە بەرگەندە دائىم:
— داداڭ ھەقىقەتەن قالتىس، لېكىن ئۆزۈمنى سېنىڭ كىچىك ۋاقتىڭغا سېلىشتۇرسام كۆپ ئارقىدا تۇرىمەن، — دەيمەن.
بۇنى ئاڭلاپ تىڭتىڭنىڭ ۋۇجۇدىغا غەيرەت تولۇپ، كەلگۈسىگە تولۇق ئىشەنچ باغلايدۇ.

## 7. ياخشى هوسۇل بەرمەيدىغان زىرائەت يوق، ياخشى تېرىقچىلىق قىلىشنى بىلمەيدىغان دېھقانلار بار

بالىلىرىدا بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە، ئاتا - ئانىلار ھەمىشە بارلىق گۇناھنى بالىلارغا ئارتىپ: سەن زادى نېمە بولدۇڭ؟ زادى نېمە بولدۇڭ! دەيدۇ.

ئەمما قىزىمدا بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە، مەن ھەمىشە ئۆزۈمنى تەكشۈرۈپ: مەن نېمە بولدۇم! مەن زادى نېمە بولدۇم! دەيمەن.

مەن ياخشى ھوسۇل بەرمەيدىغان زىرائەت يوق، پەقەت ياخشى تېرىقچىلىق قىلىشنى بىلمەيدىغان دېھقانلار بار، دەپ قارايمەن. زىرائەتلەر ياخشى ئۆسمىسە، بىز ئەزەلدىن بىرەر دېھقاننىڭ قولىنى بېلىگە تىرەپ تۇرۇپ، غەزىپىنى باسالمىغان ھالدا ئېتىز بېشىدا تۇرۇپ: مەن كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي، جاپا تارتىپ، تەر ئاققۇزۇپ ئىشلىسەم يەنە نېمىشقا ياخشى ئۆسمايسەن!ـــ دەپ ئاغرىنغانلىقىنى كۆرمەيمىز.

دېھقانلار بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىدىن تېپىشنى بىلىدۇ. بالىلار: مۇشۇنداق ئاددىي مەسىلىنىمۇ ئىشلىيەلمىدىم دەپ ئۆزىنى تېخىمۇ تۆۋەن كۆرۈشى مۇمكىن.

ئەمما، ئاتا ـ ئانىلار بۇنى باشقىچە ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەپ، بۇ مەسىلە ھەققىدە بەك قىيىن، ئەمما مەن سىزنىڭ بۇنى چوقۇم ئىشلىيەلەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن دېسە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. ئەگەر بالا ئۇ مەسىلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىسە: قارا، مەن يارامدىكەنمەن!— دەپ ئويلايدۇ. ئىشلىيەلمىسە بۇ مەسىلە ھەققىدە بەك تەسكەن دەپ ئۆزىنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار يەنە: «سەن چوقۇم يارامىلىق ئادەم بولۇشۇڭ كېرەك» دېگەن سۆز بىلەن «مېنىڭچە سەن چوقۇم يارامىلىق ئادەم بولالايسەن» دېگەن سۆزنىڭ قايسىسىنىڭ بالىسىغا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىشى كېرەك.

## 8. كىمنىڭ دېگىنى ھېساب ۋە «ئاغىنىدارچىلىقتا يارايسەن»

مەن ئەڭ مۇھىم ئائىلە تەربىيىسى قارىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالىلارنىڭ كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىنىڭ باراۋەر بولۇشى كېرەك ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىمەن. مېنىڭ قىزىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم مۇتلەق دوستلارچە مۇناسىۋەت. مەن ھەمىشە بەزى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— قېنى بىر كۆرەي، زادى كىمنىڭ دېگىنى ھېسابكەن،

كىمنىڭ دېگىنى ھېسابكەن!- دېگەنلىكىنى ئاڭلايمەن.

ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش، بالىسى ئۇن نەچچە ياشقا كىرگەن تۇرۇقلۇق خۇددى شەرق شاملى غەرب شاملىنى بېسىپ چۈشىسە، غەرب شاملى شەرق شاملىنى بېسىپ چۈشىدىغاندەك بىر دادا ناھايىتى ئۇبرازلىق ھالدا ئوخشىتىپ: ھازىر بالىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز گوياكى سىنىپىي كۈرەشكە ئوخشايدۇ، بىز سەللا بوشاپ كەتسەك، سىنىپىي دۈشمەنلەر ھۇجۇمغا ئۆتكەنگە ئوخشايدۇ، دېدى.

جۇڭگودا نەچچە مىڭ يىل داۋاملىشىپ ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كەتكەن خان - ۋەزىر، ئاتا - بالىلىق ئەخلاقىي مۇناسىۋەت كىشىلەر قەلبىدە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرغان. دادا بالىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ نوپۇزنىڭ سىمۋولى، ئەگەر بالا بۇ نوپۇزغا جەڭ ئېلان قىلىشقا پېتىنىدىكەن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ھەمىشە قاتتىق تاياق يېيىش بولىدۇ.

«دادا بالىنى ئۆلسەن دېسە، بالىنىڭ ئۆلمەسلىككە ھەددى ئەمەس».

دادا ھەمىشە بالىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىك تۇيغۇسىنى ساقلاپ قېلىش ئويىدا بولىدۇ.

بىر ئانا مەردانە ھالدا بالىسىغا:

— ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىسىنى ئۇرۇشى مۇقەررەر ھەقىد-

قەت، بۇ ئەجدادلاردىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن قائىدە، بويىـ
سۇنماي ئامال يوق. سەن قولۇڭغا تاش ئېلىپ تەگرىنى ئۇرالامـ
سەن!- دېگەن.

بىر دادا:

— باشقىلارنىڭ بالىسىنى ئۇرۇشقا بولمايدۇ، ئۆزىنىڭ بالىـ
سىنى ئۇرۇش كېرەك!— دېگەن.

بۇنىڭ تېگىدىكى گەپ، بالىلارنى ئۇرۇش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مۇتلەق هوقۇقى دېگەندىن ئىبارەت، بۇ گەپ ھەقىقەتەن شۇنداق. ئەگەر كوچىدا كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان بولسا، كىشىلەر ئارىغا چۈشۈپ نەسىھەت قىلىپ ئاجرىتىدۇ. ئەگەر دادا بالىسىنى ئۇرۇۋاتقان بولسا، بۇ ئادەتتىكى ئىشقۇ دەپ ھېچكىم ئارىلاشمايدۇ.

مەن بىلەن قىزىم ئارىسىدا ئەڭ كۆپ سۆزلىنىدىغان، ئاغىـ زىمىزغا رام بولۇپ كەتكەن سۆز: «ئاغىنىدارچىلىققا يارايسەن»دىن ئىبارەت. شىماللىقلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ بۇرادەرلەر دېگەن سۆز. تىگىنىڭ كىچىك ۋاقتىدا دائىم ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ: قىزىم، ئەگەر سەن ئوغۇل بالا بولۇپ قالغان بولساڭ، داداڭنىڭ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى سەن بىلەن قول بېرىشكەن ئاكا ـ ئۇكىلاردىن بولاتتىم، دەيتتىم.

«ئاغىنىدارچىلىققا يارايسەن» دېگەم بىر ئېغىز سۆز بىلەن

ھەرقانداق زىددىيەت بىراقلا تۈگەپ كېتىدۇ.

«ئاغىنىدارچىلىقتا يارايسەن» دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىلار سىرداشلاردىن بولۇپ قالىدۇ.

ئاغىنىدارچىلىقتا ياراش بالىلارنىڭ ئىلتىجاسى، دەۋرنىڭ ئىلتىجاسى، دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنگە يەتكەنلىكىنىڭ مۇقەررەرلىكى.

لىۋانلىق بىر شائىر مۇنداق دەپ يازغان:

بالا ئۇ ھەرگىز سىلەرنىڭ ئەمەس،
ئۇلار ھايات مەشئىلىنىڭ پەرزەنتلىرى.
سىلەردىن تۆرەلگەن بولسىمۇ ئۇلار،
ئەمەس ھەرگىز ئۇ سىلەرگە نامايەندە.
ياشىسىمۇ كۈنلۈ - تۈن سىلەر بىلەن بىللە،
ئەمەس مەنسۇپ ئۇلار پەقەت سىلەرگىلا.

## 9. باش بارماقنى چىقىرىش كېرەكمۇ ياكى مۇشتىنىمۇ؟

مېنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرىم ئانچە تەرەققىي قىلمىغان، ئەمما باش بارمىقىمنىڭ مۇسكۇلى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. قىزىم كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ، پەقەت يېنىمدىلا بولىدىكەن، ھامان

باش بارمىقىمنى چىقىرىپ ئۇنى ماختايتتىم. مەن ئىلگىرى تىنگ-تىنگغا چاقچاق قىلىپ: قارا تىنگتىنگ، داداڭنىڭ باش بارمىقى ھەمىشە مۇشۇنداق تۇرىدۇ، ھامان بىر كۈنى پېيى تارتىشىپ قالىدۇ جۇمۇ؟ دېگەنىدىم.

ئوخشىمىغان بارماقلارنىڭ مەنىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى ئاتا- ئانىلار بالىلىرىغا تەربىيە بەرگەندە ھەمىشە بېگىز بارمىقىنى بالىسىنىڭ بېشىغا نوقۇپ تۇرۇپ: ھۇ دۆت، سەن نېمانچە دۆت-تۇرسەن!ــ دەيدۇ.

مەن قىزىمغا گەپ قىلغاندا باش بارمىقىمنى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىمەن. قىزىمنىڭ نەزىرىدە مېنىڭ باش بارمىقىم خۇددى ئالتۇن رەڭلىك قۇياش نۇرىدەك: يارايسەن، قالتىس! دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، نەنجىڭ تىنگتىنگ گاس بالىلار مەكتىپىدە، ھەر بىر ئوقۇتقۇچى بالىلار ئالدىدا باش بارمىقىنى چىقىرىدۇ، 2 ~ 3 ياشلىق بالىلارنىڭمۇ ئۆگىنىدىغان بىرىنچى ھەرىكىتى باش بارمىقىنى چىقىرىش بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەر بىر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقىنى تەكشۈرگەندە ھەمىشە ناھايىتى خۇشال ھالدا باش بارمىقىنى چىقىرىپ بالىلارغا ئىلھام بېرىدۇ.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار با-

لىلارغا شۇنداق قىلىشنى بىلمەيدۇ.

بىر قېتىم مەن ئۆسمۈرلەر يېرىم كۈن ئىشلەپ يېرىم كۈن ئوقۇش مەكتىپىدە دوكلات بېرىپ بولغاندىن كېيىن، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇرغان بىر ئانا ئىنتايىن خىجىلچىلىق ئىچىدە يېنىمغا كەلدى:

— جۇ مۇئەللىم، كەتمەڭ، ئىككى ئېغىز يۈرەك سۆزۈمنى ئاڭلاڭ، بولامدۇ؟

— نېمە بولدىڭىز؟ -دەپ سورىدىم مەن ھەيرانلىق بىلەن.

— ئەگەر مەن دوكلاتىڭىزنى بىر نەچچە يىل بۇرۇنراق ئاڭلىغان بولسام، ئوغلۇم يېرىم كۈن ئىشلەپ يېرىم كۈن ئوقۇش مەكتىپىگە كىرىپ قالمىغان بولاتتى، ئۇ چاغدا مەن باش بارمىقىمنى چىقىرىپ بالامنى ماختاشنى بىلمەيتتىم،— ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— ئەمىسە سىز قانداق قىلاتتىڭىز؟- دەپ سورىدىم مەن.

— ئوغلىمىزغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن تاپشۇرۇق ئىشلەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قورقۇتۇش، ئالداش تەدبىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەتتۇق، زادىلا ئامال بولمىدى. ئاخىر بالا تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقاندا ئىلاجسىز دادىسى بىلەن ئىككىمىز نۆۋەت بىلەن قولىمىزغا پىچاقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا پۇلاڭلىتىپ ئۇنى تاپشۇرۇق

ئىشلەشكە مەجبۇرلىدۇق. كىم بىلسۇن، ئۇ ئۆگىنىشتە ئىلگىرىلى-يەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە يېرىم ئوقۇپ، يېرىم ئىشلەش مەكتى-پىگە كىرىشكە مەجبۇر بولدى. هازىر بەكمۇ پۇشايمان قىلىمەن.

بىر هەرىكەت تۈمەن مىڭ ئېغىز سۆزگە باراۋەر، ئوخشىمى-غان هەرىكەت بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان نەتىجە بېرىدۇ.

## 10. توغرا بولمىغان جايلىرىدىن باشقىلىرى بەك ياخشى بوپتۇ

بىر قانچە يىللار ئىلگىرى مەن بىر كىتابتىن ئامېرىكىدىكى تەبىئىي ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى كۆرگەنىدىم. بۇ ئۇسۇلدا بالىلار قى-لىشنى خالايدىغانلىقى ئىش بولسا، ئاتا - ئانىلار ۋە مۇئەللىمنىڭ ئۇنىڭغا بېرىدىغان باهاسى باشتىن - ئاخىر تۆۋەندىكىلەردىن ئى-بارەت بولىدىكەن:

— توغرا بولمىغان جايلىرىدىن باشقىسى بەك ياخشى بوپتۇ.

— بەك ياخشى بوپتۇ، پەقەت توققۇز مەسىلىنىلا خاتا ئىش-لەپ قويۇپسەن!

— بەك ياخشى بولدى، پەقەت بىر سۆزنىڭ ئاهاڭىنى خاتا ئوقۇپ سالدىڭ!

ئەينى چاغدا مەن بۇنداق ئۇسۇلنى زادىلا چۈشىنەلمىگەن ئىدىم، ھازىر بۇنىڭ ئىچىدىكى سىرنى چۈشەندىم.

نېمە ئۈچۈن بەك ياخشى بوپتۇ دېگەن باھا بالىلارغا شۇنچە زور كۈچنى كۆرسىتىدۇ؟

بۇنىڭ سەۋەبى، بالىلار كۆرۈنۈشتە قانچىلىك مەغرۇر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسى ناھايىتى ئاجىز بولىدۇ، ھەمىشە ئۆزىنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيدۇ؛ «بەك ياخشى بوپتۇ» دېگەن باھا خۇددى باھار گۈلدۈرمامىسىدەك بالىلارغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى توختىتىدۇ، ئۇلارنىڭ قەلب دەرۋازىسى بىراقلا ئېچىلىدۇ. بۇ چاغدا سىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، «توغرا بولماي قالغان جايلىرىدىن باشقىسى» دېسىڭىز بالىلار بۇنى ئاسانلا قوبۇل قىلالايدۇ.

بۇ چاغدا بالىلارنىڭ ھاياتى ئەركىن ئۆسۈش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بولىدۇ. «بەك ياخشى بولدى» دېگەن گەپنى ئاڭلىسا، بالىلار بۇگۈنى گۈزەل، ئەتىسىنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق ھالەتتە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

ئەمما ھازىر بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ قۇيرۇقىنى دىڭگايتىۋېلىشىدىن قورقىدۇ. بۇ ئاتا ـ ئانىلار «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، قۇرۇق ۋەز ـ نەسھەتنى ياخشى كۆرىدۇ. بالىلىرىغا تەربىيە بەرگەندە تۇنجى دەيدىغان گېپى كۆ-

پىنچە: ئاپاڭ شۇنى ئېتىراپ قىلىدۇكى، سىنىڭ يەنىلا ئازراق ئار-تۇقچىلىقىڭ بار، ئەمما...

بىرلا «ئەمما» دىن كېيىنكىلەرنىڭ ھەممىسى كەمچىلىكلەر بولىدۇ، ئۇلار خۇددى بىر تۈردىكى تاۋارلارنى تونۇشتۇرۇۋاتقاندەك توختىماي سۆزلەپ كېتىدۇ، ئاشۇ ئازراق «توغرا» دىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى بەك ناچار دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ. بالىلار بۇنداق گەپنى ئاڭلىسىلا نېرۋىسىغا تېگىپ، يەنە ئاڭلاۋېرىشنى زادىلا خالىمايدۇ. بالىلار ئاتا- ئانىسىنى كوتۇلداۋېرىدىكەن دەپ قارىغاچقا، بالىلارنىڭ پۈتكۈل تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى تور-مۇزلىنىپ، خۇددى تاشپاقىدەك بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالىدۇ، ئاتا - ئانىلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيدۇ.

ئائىلە تەربىيىسىدىكى نۇرغۇنلىغان خاتا قاراشلار دەل ئەنە شۇ ناتوغرا باھادىن باشلىنىدۇ.

قولۇمغا بىر ئائىلە باشلىقىدىن كەلگەن خەت بار. بۇ خەتتە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

«ئىلگىرى مېنىڭ بالىغا تەربىيە بېرىشتىكى ئۇسۇلۇم بەكمۇ ئاددىي، قوپال بولغانىكەن، ئۇ چاغدا ئۇرۇش - تىللاش مېنىڭ قوللىنىدىغان بىردىنبىر چارەم ئىدى، بۇ خىل ئۇسۇل بالىنى مەن-دىن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇۋېتىكەن، ئۆگىنىش نەتىجىسىنى بىراقلا چۈشۈرۈۋېتىكەن ئىكەن. سىز سۆزلەپ بەرگەن ئۇن مە-

سىلىنىڭ پەقەت بىرىنى توغرا ئىشلىسىمۇ ماختاش دېگەن سۆزد-ىڭىز ماڭا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قىلدى، مەن سىزنىڭ دېگىنىد-ىڭىز بويىچە قىلدىم، بۇنىڭ راستىنلا ئۈنۈمى بولدى.

بىر قانچە كۈن ئىلگىرى مەن بالامنىڭ تاپشۇرۇقىنى تەك-شۈرگەندە بالامنىڭ بەش مەسىلىسىنىڭ پەقەت بىرىنىلا توغرا ئىشلىگەنلىكىنى كۆردۈم، مەن ئىختىيارسىز قولۇمنى كۆتۈرۈپ با-لىغا تەنبىھ بەرمەكچى بولدۇم، بىردىنلا جۇ مۇئەللىمنىڭ «بالىدىن ئاغرىنىش پەقەت بالىنى بارغانسېرى گەپ ئاڭلىمايدىغان قىلىپ قويىدۇ» دېگەن ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدە ياڭرىدى، شۇنىڭ بىلەن دەرھال كۆتۈرگەن قولۇمنى چۈشۈرۈپ، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدىم:

— بالام، بۇ مەسىلە بەك تەس ئىكەن- ھە! سەن بۇنى ئىشلەپسەن، ھەقىقەتەن قالتىسكەنسەن. مەن سېنىڭ قالغان تۆت مەسىلىنىمۇ توغرا ئىشلىيەلەيدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن.

مەن بالىغا ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىشەنچىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن قالغان تۆت مەسىلىنى ناھايىتى تېزلا ئىشلەپ بولدى».

## 11. «نەچچە نومۇر ئالدىڭ» بىلەن «كەيپىياتىڭ قانداقراق؟»

نەنجىڭدە بەزى ئاتا- ئانىلارنىڭ ئىشتىن قايتىپ كېلىپ،

بالىسنى كۆرۈش بىلەنلا دەيدىغان گېپى: قانچە نومۇر ئالدىڭ؟ دەپ سوراشتىن ئىبارەت. ئىمتىھاننى ياخشى بەرگەن بولسا، توخۇ كاۋىپى ئېلىپ بېرىدۇ، ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمىگەن بولسا، ئۇ- نىڭغا «بەلتاسما قورۇمىسى» (بالىنى جازالايدۇ) يېگۈزىدۇ.

ئامېرىكىلىق بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بالىلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە دائىم: قوزام، بۈگۈن قانداق بىر كەشپىيات يارات- تىڭ؟- دەپ سورايدىكەن. بۇنىڭ بىلەن بالىلار ئاغزى- ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىدىكەن. ئېھتىمال ئۇ پەقەت كۇبىك ياغاچ تىزىپ ئويناشنىڭ بىر يېڭى ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغاندۇ ياكى بىرەر ھاشاراتنىڭ ئىسمىنى بىلىۋالغاندۇ، بۇلار چوڭ كىشىلەرنىڭ نەزە- رىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، ئەمما بالىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ كولۇم- بۇنىڭ يېڭى قۇرۇقلۇقنى تاپقىنىغا ئوخشاش ئىش. دېمەك، ئامې- رىكىلىق بالىلارنىڭ ئەقىللىق ئاتا - ئانىلىرى بالىسىنىڭ گېپىگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىقىغا بول- غان خۇشاللىقىنى قوزغايدۇ.

مەن قىزىمنى كۆرسەم ھەمىشە: كەپىياتىڭ قانداقراق؟ ئۆ- زۈڭنى ئوبدان سېزىۋاتامسەن؟ دەپ سورايمەن.

ئەگەر قىزىمنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولمىسا، خاپا ئىكەنلىكى- نى چۈشەندۈرىدۇ، بۇنداق چاغدا پۈتۈن ئامال بىلەن ئۇنىڭغا يار- دەم بېرىمەن، بالىنىڭ دىلى ئازار يېسە ئاتا - ئانا بۇنىڭغا چىدى-

مايدۇ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىيدۇ، بۇنداق چاغدا ئاتا ـ ئانىلار بالىغا بەك كۆيۈنۈشى كېرەك. مەن ھەمىشە تىگىتىگىنى خۇشال يۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدىم. بالىنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈن يېشىلسە، بالىنىڭ كۆڭلى ئېچىلسا، ئۇ خۇشال بولۇپ سەكرەپ كېتىدۇ، بولمىسا قەلبى ئازابلىنىپ خاپىلىقتىن باش كۆتۈرەلمەيدۇ.

بالىنىڭ كەيپىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەندىلا ئاندىن سىزنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سىردىشى، دوستى دەپ بىلىدۇ، ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىدىن سىزنىمۇ بەھرىمەن قىلىدۇ، غەم ـ ئەندىشىلىرىنى تەڭ تارتىشىپ بېرىشىڭىزنى خالايدۇ.

مېنىڭ 1989ـ يىلى 10ـ ئاينىڭ 6ـ كۈنىدىكى كۈندىلىك خاتىرەم مۇنداق يېزىلغان:

«يەنە بىر قانچە كۈندىن كېيىن چارەكلىك ئىمتىھان ئېلىنىدۇ، تىگىتىنىڭ تۇيۇقسىزلا ناھايىتى مەيۈس، غەمكىن ھالدا:

— دادا، كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم بالىلىق ۋاقتىم بەكمۇ مەنىسىز ئىكەن،— دېدى.

مەن چۆچۈپ كەتتىم.

— نېمە ئۈچۈن؟

— ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىمتىھان ئېلىنىدۇ، ھەمىشە نومۇرنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنىلا سېلىشتۇرىدىغان گەپ. شۇڭا، ئۇلارمۇ خۇشاللىقتىن مەھرۇم بولىدۇ، قەلبى ئازابلىنىدۇ.

ئەسلىدە تىڭتىڭ تىل - ئەدەبىياتتا 75 نومۇر ئالغاچقا ناھا-يىتى بىئارام بولغانىكەن.

ھەممە بالىنىڭ ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمەيدىغان ۋاقتى بو-لىدۇ، مەن بۇنىڭغا قانداق قارىدىم؟

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، مەن قىزىم بىلەن سەيلە قىلغاچ پاراڭلاشتىم.

— تىڭتىڭ، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، سەن ناھايىتى قالتىس بالا، مەن سېنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن. سەن بىر گاس - گاچا بالا تۇرۇپ سۆزلەشنى ئۆگەنگىنىڭ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىككى قېتىم يىللىق ئاتلاپ ئوقۇدۇڭ، بۇ بەك قالتىس ئىش بولدى. ھە-مىشە 75 نومۇر ئۈچۈن غەم قىلىۋەرمە، تىڭتىڭ، سەن ئىلگىرى ئىمتىھان بېرىشكە بەك ئامراق ئىدىڭغۇ! ئۇ خۇددى ئۇرۇش قىلغان-غا ئوخشاش، بەك قىزىقارلىق.

— ھازىر ھەمىشە ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمەسلىكىمدىن قورقىمەن، كەچۈرۈڭلار، دادا، ئاپا، — دېدى تىڭتىڭ.

مەن بىردىنلا چۈشەندىم، بۇ دەل قىزىمنىڭ غەم - ئەندى-شىگە چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ئىدى. بالىدا بېسىم بەك چوڭ، ئۇ ئۆزىنى چۈشىنىش ۋە ئەپۇ قىلىشقا موھتاج. شۇڭا، مەن سەمىمىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا:

— بالام، بۇنىڭدىن كېيىن مەيلى قايسى پەندىن ئىمتىھان

ئېلىنمىسۇن، ئەگەر ئىمتىھاننى ياخشى بەرسەڭ، مەن سېنى ئالـ-
قىشلايمەن، ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمەي كۆڭلۈڭ يېرىم بولسا، مەن
غەم - ئەندىشىلىرىڭنى تەڭ تارتىشىپ بېرىمەن. قېنى، دېگىنە،
غەم- ئەندىشىلىرىڭ بۇنىڭ بىلەن ئازراق يېنىكلىدىمۇ؟

شۇئان تىگىنىڭ چىرايىغا خۇشاللىق يۈگۈردى.

— دادا، سەن ھەقىقەتەن دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى دادا، سەن
ئۈندىداق دەۋاتساڭ، مەن يەنە نېمىدىن قورقاتتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن، قىزىمنىڭ قانداق قىلىپ ئىمتىھاندا
ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن ئاشۇ 75 نومۇرلۇق ئىمتىھان
قەغىزى توغرىسىدا قىزىم بىلەن پىكىرلەشتىم»

1989 - يىلى 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىكى كۈندىلىك
خاتىرەمگە مۇنداق يېزىلغان:

«بۈگۈن قىزىم ئۆيگە ئۇچقاندەك تېز يۈگۈرۈپ كىرىپ،
ماڭا بىر خوش خەۋەرنى، ئۆزىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئىمتىھانىدا
94 نومۇر ئېلىپ، سىنىپ بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشكەنلىكىنى
يەتكۈزدى ھەمدە ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا ماڭا ئۆزىنىڭ ھېـ-
لىقى تەجرىبىنى قانداق قوللانغانلىقىنى تونۇشتۇردى.

مەن بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇشاللىقىمدىن ئۆزۈمنى
تۇتالماي باركاللا ئېيتتىم ھەمدە «مۇۋەپپەقىيەت، مۆجىزە خاتىرد-
سى» گە مۇنۇلارنى يازدىم:

باشلانغۇچ مەكتەپتە يىللىق ئاتلاپ ئوقۇدى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ بىرىنچى بولدى. بۇ ھەقىقەتەن ئاز كۆرۈلىدىغان مۆجىزە! سۆيۈملۈك قىزىم، سەن ھەقىقەتەن بەك قالتىسكەنسەن، مەن ساڭا ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم! سەن ئۆزۈڭنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلدىڭمۇ؟ سەن پەخىرلىنىشۋاتامسەن؟!

تىڭتىڭ بۇ خاتىرىنى كۆرۈپ، قۇلىقىمغا پىچىرلاپ: باللىق ھەقىقەتەن بەك گۈزەلكەن، مەن ئىمتىھان بېرىشنى بەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم، دېدى».

## 12. «خوش خەۋەر» ۋە «تولىمۇ ئۆچ بولدۇم»

قىزىقىش باللارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك سېزىمىنىڭ بىرى، قىزىقىشتىن مەھرۇم بولغان باللار ھەممە نەرسىگە ئادەتتىكىچە ۋە پەرۋاسىزلىق بىلەن قارايدۇ. باللارنىڭ قىزىقىشى قانائەتلەندۇرۇلسە، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى تولۇپ- تاشقان ھېسسىياتقا چۆمۈلىدۇ. باللارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىتىش ۋە ئۇيغىتىش باللارنىڭ ھەۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ياخشى ئۇسۇل.

ئەمما، ئائىلىلەردە دائىم كۆرۈلىدىغان ئەھۋال شۇكى، ئاتا - ئانىلار تاماق ئېتىش بىلەن ئالدىراش بولىۋاتقاندا، بالا ھەمىشە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىماي سوئال سورايدۇ:

— دادا، بۇ قانداق ئىش؟ ئاپا، بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟

بۇ چاغدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆپىنچە ئىچى پۇشۇپ قاپىقىنى تۈرۈپ: ئەجەبمۇ ئىچىمنى پۇشۇردى، ماڭ، ماڭ، چوڭ كىشىلەر ئالدىراش بولۇۋاتقاندا باللار ئۇلارنى ئاۋارە قىلماسلىقى كېرەك! دەپ باللارنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىغا زەربە بېرىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار ئۆي ئىشىنى تۈگىتىپ، ئەمدى باللىرىغا تەلىم بېرەي دېگەندە باللارنىڭ بايىقى سوئاللىرى كاللىسىدىن يوقاپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنى ئىلھاملاندۇرۇشقا باشلايدۇ.

— قارا، قوشنىمىزنىڭ بالىسى دۇتدۇڭ نۇرغۇن قەدىمىي شېئىرلارنى يادقا ئوقۇشنى ئۆگىنىۋاپتۇ. ئۇستىمىزدىكى لىلى قوشۇش ـ ئېلىشنى بىراقلا ھېسابلاشنى ئۆگىنىۋاپتۇ. تۆۋەن قەۋەتتىكى يەنئەن ئېلېكترونلۇق چالغۇنى بەك ياخشى چالىدىكەن، لېكىن سەنچۇ! بىر كۈن كەچكىچە ئويناشنىلا بىلىسەن، چوڭ بولساڭ قانداقراق ئادەم بولارسەنكىن ـ تاڭ!

بۇ چاغدا بالىنىڭ ئۆگىنىشكە يەنە قانچىلىك قىزغىنلىقى بولىدۇ؟

ھەر بىر بالىنىڭ كاللىسىدا داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەر بولىدۇ. باللارنىڭ قىزىقىشى قوزغالغاندا ئۇخ-

شاش بىر مەسىلىنى بىر نەچچە مىنۇتتىلا ئۆگەتكىلى بولىدۇ، بالى-
نىڭ قىزىقىشى بولمىسا، بىر نەچچە سائەت ھەتتا بىر نەچچە كۈن-
دىمۇ ئۆگەتكىلى بولمايدۇ.

قىزىمنىڭ ھاياتىدا ھەر كۈنى يېڭىلىق، ھاياجانلىنىش ۋە خۇشاللىق بولۇشى ئۈچۈن، مەن قىزىمغا بىر ئەقىللىق ئادەم ئۈ-چۈن، ھەر كۈنى بىر يېڭى ھاياتنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ، دېگەن پەلسەپىۋى قائىدىنى ئېيتىپ بەردىم. بۇنىڭ بىلەن قىزىمنىڭ ھا-ياتقا بولغان مۇھەببىتىنى ئويغاتتىم.

قىزىم تىگىتىگىنىڭ ھەمىشە تولۇپ - تاشقان ھېسسىيات بىلەن:

— دادا، ئاپا، مەن سىلەرنىڭ مېنى تۇغقانلىقىڭلار، ماڭا ئەڭ گۈزەل ھايات بەخش ئەتكەنلىكىڭلارغا بەكمۇ مىننەتدار-مەن!- دەيدىغىنى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

1987- يىلىنىڭ بېشىدا، بىز پاراخوت بىلەن شاڭخەيگە بار-دۇق. تىگىتىڭ بىرىنچى قېتىم پاراخوتقا چىققاچقا بۇلارغا بەكلا قىزىقىسىندى. پاراخوتتا ئۇ ھەممە يەرگە يۈگۈرۈپ ئوينىدى، توخ-تىماستىن ئۇنى - بۇنى سورىدى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن مەن تىگىتىگنى پاراخوتنىڭ قۇي-رۇق تەرىپىگە ئاپىرىپ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆر-سەتتىم. بىر قانچە يۈز چايكا پاراخوتنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئەركىن

پەرۋاز قىلىشىپ، ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى ھاسىل قىلغانىدى. تىڭ-تىلىڭ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى. مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىزىمغا ئۇ مەنزىرىلەرنى تەپسىلىي كۆرسىتىپ، قەغەزگە سىزىپ چىقىشنى ئېيتتىم، قىزىم بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى.

قايتىپ بارغاندىن كېيىن، تىڭتىلىڭ ئىجادىيەت ئىلھامى قوزغىلىپ، ناھايىتى تېزلا «پاراخوت ئۈستىدىكى چايكىلار» ناملىق رەسىمنى سىزىپ چىقتى. پاراخوت ئادەتتىكىدەك سىزىلغان بولسىمۇ، چايكىلار ئاجايىپ جانلىق سىزىلغانىدى، ئۇلارنىڭ قىياپەتلىرى ھەر خىل ئىدى. تىڭتىلىڭ: بەزى چايكىلار ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتىدۇ، بەزى چايكىلار دەريادا سۇ ئىچىۋاتىدۇ، بەزى چايكىلار بېلىق تۇتۇۋاتىدۇ، دېدى.

بالىلارنىڭ ئاشۇ كۆچلۈك قىزىقىشىدىن پارتلاپ چىققان ئېنېرگىيە كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ. قانداق قىلىپ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بالىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاش، ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى قانداق قوزغاش، ئاتا - ئانىلار ئەستايىدىل ئويلىنىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىدۇر.

## 13. سەكرىسەڭ بويۇڭ يېتىدۇ

بىر ئالما بالىنىڭ بېشىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ئېسىپ قويۇلسا،

ئالىمنىڭ ئورنى بەك ئېگىز بولغاندا بالىنىڭ ئۇنى ئۇزۇۋېلىشقا ئىنـ
شەنچى بولامدۇ؟ بولمايدۇ. چۈنكى بالا ھەرقانچە سەكرىسىمۇ بويى
يەتمەيدۇ.

ئەگەر بەك پەس ئېسىپ قويۇلسا، بالىدا ئۇنى ئېلىشقا قىـزىـ
قىش تۇغۇلامدۇ؟ تۇغۇلمايدۇ. قولنى ئۇزارتسىلا ئالغىلى بولىدىـ
غان، ئاسان ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ جەلپ قىلىش ئىـ
كۈچى بولمايدۇ.

ئەگەر ئۇ ئالما بالا سەكرىسىلا ئالالايدىغان ئېگىزلىككە قو-
يۇلسا، بالىدا ئۇنى ئېلىشقا ئىشەنچ پەيدا بولامدۇ؟ چوقۇم بولىدۇ.

قىزىم ئۈچىنچى يىللىققا چىققاندا چوت سوقۇشنى ئۆگـەنـ
دى. ئۇنىڭدا ئاۋۋال يۈزگىچە قوشۇشنى ئۆگىنىش كېرەك ئىدى.
قىزىمنىڭ چوت سوقۇش سۈرئىتى سىنىپ بويىچە ئەڭ ئاستا ئىـ
دى. ھەر قېتىم يۈزگىچە قوشۇشنى مەشىق قىلغاندا زادىلا روھـ
لۇق بولالمايتتى، كەيپىياتى تۆۋەن بولاتتى.

قانداق قىلىش كېرەك؟

ئەگەر بالىمۇ ئۆزىنىڭ چوت سوقۇش سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىـ
قىنى ھېس قىلغاندا ئاندىن بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتقاندا، ئۇ چوقۇم:
ھەتتا دادام، ئاپاممۇ مېنىڭ سۈرئىتىمنى ئاستا دەۋاتىدۇ، قارىغانـدا
مەن راستتىنلا كارغا كەلمەيدىغان ئوخشايمەن، دەپ قالىدۇ.

مەن ئۇنىڭ كەيپىياتىنى كـۆتۈرمەكچى، ئۇنىڭـدا ئىشەنـچ

تۇرغۇزماقچى بولدۇم.

مەن قىزىمغا: مەن سېنىڭ چوتنى ناھايىتى تېز سوقالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن، دېدىم.

— دادا، نېمىشقا مېنى تېز سوقالايسەن دەيسىز؟ - دەپ سورىدى قىزىم چۈشەنمەي.

— ئويلاپ باقە، سەن كىچىكىڭدە باللار باغچىسىغا بارغانمۇ؟

— ئانچە كۆپ بارمىغان.

— توغرا باشقا باللار ئۇ يەردە نۇرغۇن مەشىقلەرنى بىشىدىن كەچۈرگەن، ئەمما، سەن بۇ مەشىقلەرنى كۆرمىگەن، مەن سەندەك ۋاقتىمدا چوتنى سەندىنمۇ ئاستا سوقاتتىم. بىز بىر تەجرىبە قىلىپ باقايلى، مەن جەدۋەلنى ئېلىپ ۋاقىتقا قاراپ توراي، مەن سېنىڭ تېز سوقالايدىغانلىقىڭغا ئىشەنمەيمەن.

قىزىم سىناپ بېقىشقا تەقەززار بولدى.

قىزىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەن ھەر بىر ئۇنلۇق پۈتۈن سان قوشۇلغاندىكى جاۋابىنى جەدۋەلنىڭ يېنىغا يېزىپ قويدۇم. تىگىنىڭ چوتنى ناھايىتى ئاستا سوقتى، ئەمما جاۋابى پۈتۈنلەي توغرا بولدى.

ئۇ ھەر بىر ئونلۇق خانىنى سوققاندا مەن ئۇنى ئالقىشلاپ:

— توغرا سوقتۇڭ!— دېدىم.

— دادا، ئاستا بولۇپ قالدىمۇ؟— ئۇ ماڭا قاراپ ئۆزىدە ئىشەنچ تۇرغۇزۇشقا تىرىشىۋاتاتتى.

مەن ئىنتايىن هاياجان بىلەن:

— قالتىس بولدى، بىرىنچى قېتىمدىلا ھەممىنى توغرا سوقتۇڭ! مەن كىچىك ۋاقتىمدا، 5 ~ 6 قېتىم سوقۇپمۇ توغرا چىقىرالمايتتىم. يەنە تېخى بەدىنىمدىن چىپىلداپ تەر ئېقىپ كېتەتتى،— دېدىم.

قىزىمنىڭ قىزغىنلىقى بارغانسېرى يوقىرى كۆتۈرۈلدى، ئەسلىدە چوتتا 100 گىچە سوقۇشنى ھېسابلاشتىن ئەڭ قورقىدىغان قىزىم ھازىر بارغانسېرى قىزىپ:

— دادا، يەنە بىر قېتىم سوقۇپ كۆرەي، يەنە بىر قېتىم سوقاي،— دەيتتى.

ئىككىنچى كۈنى ئۇنىڭ سۈرئىتى تېزلەشتى. ئۈچىنچى كۈنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلەشتى. 40 كۈنگە بارمايلا ئەسلىدىكى 20 مىنۇتتا بىر قېتىم قوشۇپ بولۇشتىن بىر يېرىم مىنۇتتا قوشۇپ بولۇشقا كۆتۈرۈلدى.

نۇرغۇن كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەت مەغلۇبىيەتتىن غالىبىيەتكە قاراپ ماڭىدۇ، دەپ قارايدۇ. مەن غالىبىيەتتىن غالىبىيەتكە قاراپ مېڭىشمۇ مۇۋەپپەقىيەت، دەپ قارايمەن، بولۇپمۇ بالىلار ئۈچۈن

شۇنداق. ئۆزلۈكسىز مۇۋەپپەقىيەت جەريانىدا بالىلارنىڭ ئىشەنچى كۈچىيىدۇ، خۇشال كەيپىيات ئىچىدە ئۆگىنىش سۈرئىتى تەبىئىي ھالدا تېزلىشىدۇ.

ماقالىلەردە: سۇ بويىدا يۈرسەڭ ئايىغىڭ ھۆل بولىدۇ، دې-گەن گەپ بار. تىگىنىڭ چوتتا 100 گىچە قوشۇشنى ئىشلىگەنىدە بەزىدە ئاستا ھېسابلايمۇ قالاتتى. ئەگەر ئۇنى شۇ ھامان ئەيىبلە-گەندە ئۇنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يېتەتتى. سائەت مېنىڭ قولۇمدا بولغاچقا، ئۇ چوت سوقۇۋاتقاندا ۋاقىت ئېشىپ كەتسىمۇ مەن يال-غان ئېيتىپ:

— تېخى بالدۇر، خاتىرجەم بول تېخى ئۈلگۈرەلەيسەن، — دەيتتىم. ئۇ ھېسابلاپ بولغاندىن كېيىن، ئەگەر ئۆتكەن قېتىم 13 مىنۇتتا ھېسابلاپ بولغان بولسا، مەن قەستەن خاتىرجەم ھالدا 12 مىنۇت 50 سېكۇنتتا ھېسابلاپ بولدۇڭ، — دەيتتىم.

قىزىم سەبىيلىك بىلەن:

— دادا، مەن بۈگۈن چوقۇم ئۆلچەمگە يېتەلىدىم دەپ ئويلىغانىدىم، — دەيتتى.

مەن ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ:

— ئويلاپ باق، سەن قەتئىي قىلالايمەن دەپ قارىغان چېغىڭدا ئون سېكۇنت بۇرۇن ھېسابلاپ بولدۇڭ، ئەگەر چوقۇم قىلالايمەن دەپ قارىغان چېغىڭدا نەتىجەڭ تېخىمۇ ياخشى بول-

ئامدۇ ــ دېدىم.

مانا شۇنداق قىلىپ قىزىم ياخشى نەتىجە بىلەن چوت سوقۇش ئىمتىھانىدىن ئۆتتى.

مېنىڭچە، لاياقەتلىك ئاتا ـ ئانىلار باللارغا ئۇزلۇكسىز تۈردە ئېنىرگىيە تولۇقلاپ بېرىش لازىم. باللار ئاتا ـ ئانىلىرىنى كۆرگەندە خوددى بىر چوڭ يۆلەنچۈك تاغنى كۆرگەندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولسۇن.

ئاتاقلىق پۇتبول چولپىنى بېلى، ۋاسكېتبول چولپىنى جوردان دەسلەپ مەيدانغا چىققاندا ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. ھەر قېتىم مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلگەندە، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بىرىنچى رەتتە ئولتۇرۇپ، باللىرىغا تەنتەنە قىلىپ ئۇلارغا مەدەت بەرگەن، قىزغىنلىق بىلەن مەدەتچى بولغان. ئۇلار ناۋادا سەللا قورققان، ئەنسىرىگەندە، ئاتا ـ ئانىسىغا قارىسىلا پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان.

## 14. «سوغوق سۇ سېپىش» ۋە «گېنېراتور»

قانداق ھالەتتە باللارنىڭ ئۆگىنىش ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ؟

ئادەم مېڭىسى خۇددى ماتورغا ئوخشايدۇ، ئۆگىنىشكە كىـ

رىشىشتىن ئىلگىرى بالىلارنىڭ مېڭىسى قوزغىتىلغان ھالەتكە — خۇشال، ھاياجانلانغان كەيپىياتقا ئۆتۈشى لازىم.

ئەمما، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ تىلى چىقىۋاتقان ۋاقتىدىكى خۇشال ھېسلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا دەرس تەكرار قىلىپ بەرگەن چاغلىرىدا ھەمىشە: ماۋماۋ، قانداق ئۇلتۇرغىنىڭ بۇ، راۋۇرۇس ئولتۇر! قولۇڭنى نەگە قويۇۋالدىڭ! پۇتۇڭ نېمىشقا جىم تۇرمايدۇ! بېشىڭنى نېمىشقا ھەمىشە ئۇياق - بۇياققا قىڭغايتىۋالىسەن! كۆزۈڭ نېمىشقا جىم تۇرمايدۇ! مېنىڭچە سەن ئوقۇشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىغۇدەكسەن! دەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتىدىكى تۇرقى - قىياپىتى ئۆلچەمگە يەتكەن بولىدۇ، ئەمما بالىلارنىڭ مېڭىسىدىكى ماتورىنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالىدۇ، دىققىتى پۈتۈنلەي چېچىلىپ كېتىدۇ.

قىزىم ھەر قېتىم ئۆگىنىشنى باشلىغاندا مەن ئۇنىڭ ئۆگىنىش ماتورىنى ئوت ئالدۇرۇپ، ئۇنى ئىنتايىن قاتتىق ھاياجانلاندۇرىمەن، ئۇ ئۆگىنىش قىلىپ قىزىپ كەتكەن ۋاقىتدا ئۇستەل ئۈستىگە چىقىۋالىدۇ، ئورۇندۇقنى چۆرۈپ ئوينايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ دىققىتى زادىلا چېچىلىپ كەتمەيدۇ، ئۆگىنىش ھەۋىسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ...

مېنى ئەڭ تەسىرلەندۈرىدىغىنى شۇكى، تىڭتىڭ ھەر ئـاخـ- شىمى ئۇخلاش ئالدىدا ھەمىشە ۋارقىراپ تۇرۇپ: ھۇررا! مەن يە- نە نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالدىم، مەن سىزدىن بەك مىنـ- نەتدارمەن، دادا! دەيدۇ. ئاندىن مېنى سۆيۈپ قويۇپ، تېزلا تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىدۇ.

بالىلارنىڭ كەيپىياتىنى قانداق قوزغىتىشتا مېنىڭ يەنە بىر ئەڭگۈشتىرىم بار، يەنى بالا ئۆگىنىشنى باشلاش ئالدىدا ئاۋۋال بىرنەچچە مىنۇت ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۇنىڭغا: ئەڭ خۇشال، ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك، ئەڭ يۇمۇرلۇق ئىشلارنى ئەسلىتىش كې- رەك. مەسىلەن: ساۋاقداشلار بىلەن ئاتاق ئاچا - سىڭىل، ئاتاق ئاكا - ئۇكا بولۇشقان ۋاقىتلار، چەمبەرنىڭ تۇراقلىق قىممىتىنىڭ ئۇنلۇق كەسىر چېكىتىدىن كېيىنكى مىڭىنچى خانىسىغىچە يادقا ئېلىش ۋاقتىدىكى خۇشاللىقلار. قىزىمنىڭ خۇشاللىقى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈشكە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ مېڭىسى ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش ھالەتكە كىرىپ ئۆگىنىشنى باشلايدۇ...

مەن قىزىمغا بولغان تەربىيەدە يۇمۇرلۇق ئىشلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىمەن. بۇنىڭدا تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغىنى «كىـ- چىك بايۋەچچە دۇچ كەلگەن ئاۋارىچىلىك». ھېلىقى ئاگېن ئىـ- سىملىك مالاي ئېسىڭىزدىمۇ؟ سېمىز، كۆزى كىچىككىنە بۇ مالاي- نىڭ تۇرقى بەكمۇ كۈلكىلىك. ئاگېننىڭ ئىسمى چىقسىلا تىڭتىڭ كۈلكىسىنى زادىلا توختىتالمايدۇ.

شۇڭا تىڭتىڭ ئۆگىنىش قىلىدىغان چاغدا بىز ئىككىمىز «كىم ئاگېن» دەپ مۇسابىقە قىلىپ ئوينايمىز. كىم يېڭىلىپ قالسا قارشى تەرەپ ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن: ئاگېن، ئاگېن... دەپ ۋارقىرايدۇ. بەزىدە كۈلۈپ كۆزلىرىمىزدىن ياش چىقىپ كېتىدۇ. ھەر بىر كۈلگەندە كاللىسى تېخىمۇ سەگەكلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، تىڭتىڭنىڭ ھەمىشە: بۇنداق ئۆگىنىش ئۇسۇلى بەك قىزىق بولىدىكەن! دەيدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

بۇنداق ئۆگىنىش ئۇسۇلى قىزىمنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا يۇمۇرىستىك ھېسسىيات پەيدا قىلغان.

كەچتە، تىڭتىڭنىڭ ئاپىسى ئۇ ياخشى كۆرىدىغان نۇرغۇن يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كەلگەندە، تىڭتىڭ خۇشاللىقىدىن ياغ يۇقى ئاغزىدا ئاپىسىنى سۆيمەكچى بولۇپ: جېنىم ئاپا، ئاغزىمدىكى بۇ ياغقا سىزگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىم سىڭگەن ـ دېدى. ئاپىسى دەرھال بىر چوڭ قۇشۇقنى ئېلىپ: بۇ مېنىڭ يۈزۈم، قېنى سۆيە ـ! دېدى. ئۆيىنى خۇشال كۈلكە قاپلىدى.

## 15. ئىككى روھ بىرلىشىپ بىر ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش

بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىشەنچ ۋە ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈشتىن

ئىبارەت ئىككى روھ بولىدۇ، ئۇلار دائىم بىر ـ بىرى بىلەن مۇسا-
بىقە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تالىشىشىنىڭ نۇقتىسى: مەن يارايمەنمۇ يا-
كى يارىمايمەنمۇ؟ مەن تۆگەشتىمۇ ياكى تۆگەشمىدىممۇ؟ باش-
قىلار مېنى كۆزگە ئىلامدۇ ياكى ئىلمامدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت. با-
لىلارنىڭ ئىشلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان چاغدا ئۇ ئاتا ـ
ئانىلارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. بالىلار قى-
يىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، ئاتا ـ ئانىلار كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا
چىقىپ، بالىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرى-
شى، بالىلاردا قايتا ئىشەنچ تۇرغۇزۇشى لازىم.

قىزىم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، باشقا دەرسلەردىكى نەتىجىسى ياخشى بولدى، ئەمما خىمىيە دەرسىدە نەتىجىسى ياخشى بولمىدى، ئۇ بۇ دەرسكە قىزىقمىغاچقا نەتىجىسى ئەلۋەتتە ياخشى بولمايتتى، ئۇ مەن خىمىيە ئۆگىنىشكە لايىق ئەمەسكەنمەن، دەپ قارىدى.

شۇ يىلى، قىشلىق تەتىلدە مەن قىزىمنى ئېلىپ لىيەنيۈنگاڭغا كېسەل داۋالاتقىلى باردىم. پويىزدا قىزىم بىلەن خىمىيە دەرسلىكى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردۇق. مەن كونا ئۇچىنچى قارارنىڭ ئوقۇغۇچىسى، خىمىيە ئۆگەنمىگەن، ئەمما مېنىڭ قىزىمنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاش، قىزىمغا خىمىيە بىلىملىرىنىڭ تەمىنى تېتىتىشقا ئىشەنچىم بار ئىدى.

مەن قىزىم بىلەن بىرلىكتە خىمىيە دەرسلىكىنى ئۆگەندىم، بىر - بىرىمىزگە سوئال قويالتتۇق، مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇراتتۇق، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ھەمىشە قىزىمغا چىقارغۇزدۇم. ئاندىن مەن ئۇنى ئالقىشلىدىم، ئۇنى توختىماي ئىلھاملاندۇردۇم: كىم سېنى خىمىيە ئۆگىنىشكە لايىق ئەمەس دەيدۇ، مېنىڭچە سەن خىمىيىدە تالانت ئىگىسى بولۇپ چىقالايسەن، دېدىم.

12 سائەتلىك سەپەر ئاخىرلاشقاندا، قىزىم خۇشاللىق بىلەن ماڭا:

— دادا، مەندە خىمىيە ئۆگىنىشكە قىزغىنلىق پەيدا بولغاندەك قىلىدۇ،— دېدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭدا خىمىيە ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىق بىراقلا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، خىمىيە ئۆگىنىشكە پۈتۈنلەي كىرىشىپلا كەتتى، نەتىجىسىمۇ تەبىئىي ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، ئېھتىمال مەن قىزىمنى بەك ياخشى كۆرسەم كېرەك. شۇڭا، قىزىمنى تەربىيىلەش جەريانىدا مېنىڭدە ئالاھىدە بىر ئىقتىدار شەكىللەنگەن. ھەر قېتىم قىزىم بىرەر قېتىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە ياكى قايسى بىر دەرسنى ياخشى ئۆگىنەلمىگەندە مەن ئۇنى ناھايىتى تېزلا بۇ چاغدا ئىككى ئادەم بىرلىشىپ، بىر قېتىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلدۇق دەپ ھېس

قىلدىم.

قىزىم قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جەريانىدا ئىشەنچكە ئىگە بولدى، مەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جەريانىدا ئۇلۇغلۇق كىسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدۈم.

## 16. «جۇ تىڭتىڭ ھادىسىسى»

1. ھەربىر بالىنىڭ ھاياتىنىڭ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقى، بىردىنبىر ھايات ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش كېرەك.

ھەربىر بالىنىڭ تىلى چىقىشقا باشلىغاندا ئۇلارنىڭ چەكسىز كەڭ قورساقلىقا، ئەپۇ قىلىشقا موھتاج ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش كېرەك.

ھەربىر بالىنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشى قەلب ۋە روھىي دۇنياسىنىڭ خاتىرجەم، ئازادە ئىكەنلىكىگە باغلىق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك.

جۇ تىڭتىڭ كۆكتە ئەركىن، بەھۇزۇر پەرۋاز قىلدى، ئۇنىڭ باللىق دەۋرى خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتتى.

ئالتە ياشقا كىرگەندە ئىككى مىڭدىن كۆپرەك خەت ئۆگىنىپ، باشلانغۇچ مەكتەپكە كىردى ھەم ئىككى سىنىپ ئاتلاپ ئوقۇدى.

سەككىز ياشقا كىرگەندە چەمبەرنىڭ تۇراقلىق قىممىتىنى ئونلۇق كەسىر چېكىتىدىن كېيىنكى مىڭىنچى خانىسىغىچە يادلاپ، ئەينى چاغدىكى جىنىس رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

11 ياش ۋاقتىدا مەملىكەت بويىچە ئون مۇنەۋۋەر ئۆسمۈر بولۇپ باھالاندى.

16 ياشتا جۇڭگودىكى تۇنجى ياش گاس ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، خەلق سارىيىدىكى 7000 كىشىلىك تەقدىر-لەش يىغىنىدا ئاجايىپ نۇتۇق سۆزلەپ، قاتتىق زىلزىلە قوزغىدى ھەم باش شۇ جى جياڭ زېمىننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ۋە يۇقىرى باھاسىغا مۇيەسسەر بولدى.

جۇ تىڭتىڭ ئارقا - ئارقىدىن مۆجىزە ياراتتى.

2. تىڭتىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، ئەمما بەزىلەر جۇخۇڭ تەلەيلىك ئادەم ئىكەن، ئۇ بىر گاس تالانت ئىگىسىگە دادا بولۇپ قاپتىكەن دېيىشتى. قېنى، ئەمىسە سىز ئەگەر ئىككىنچى، ئۈچىنچى جۇ تىڭتىڭنى تەربىيىلەپ چىقالىسىڭىز ئاندىن سىزگە قايىل بولىمەن.

ئەمەلىيەتتە، جۇ تىڭتىڭ پەقەت ئەقلى ئادەتتىكىچە بالا، ئۇ-نىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ نەتىجىسى پەقەت 105، ئۇنىڭ ئادەتتى-كى بالىلار بىلەن ھېچقانچە پەرقى يوق، مەن تىڭتىڭغا:

— تىڭتىڭ، سەن ھەقىقەتەن ئاجايىپ قالتىس بالا، باشقا بالىلارمۇ ئاجايىپ قالتىس، تىڭتىڭ قىلالىغاننى باشقا بالىلارمۇ

قىلالايدۇ، — دېگەنىدىم.

بۇ چاغدا مەن تىڭتىڭنى بىر دەرەخ دەپ قارىدىم، مەن بۇ دەرەختىن بىر ئورمانلىقنى كۆردۈم. شۇڭا، گاس باللار مەكتىپىنى قۇردۇم. بىرقانچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق بۇ گاس باللار ئارقا - ئارقىدىن كۆپلىگەن مۆجىزىلەرنى ياراتتى، ئۇلار ئاسمانغا تاقاشقان چوڭ دەرەخلەرگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن جۇ تىڭتىڭ تىپىدىكى بىر تۈركۈم ئەقىللىق بۇرۇن يېتىلگەن گاس باللار مەيدانغا چىقتى، ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇنى «جۇ تىڭتىڭ ھادىسىسى» دەپ ئاتىدى.

3. لى خەن، ئىككى يېرىم ياشلىق قىز ئىدى، گاس باللار مەكتىپىگە كىرىپ بىر يىلغا بارمايلا ئېغىز تىلى ئارقىلىق ئالاقە قىلالايدىغان بولۇپلا قالماستىن، يېزىققا چوڭقۇر ھەۋىسى قوزغىلىپ، مىڭدىن ئارتۇق خەت تونۇيالايدىغان، بىرقانچە يۈز خەت يازالايدىغان بولدى. ئۇ يەرگە «يىغلاش» دېگەن خەتنى يازغاندا، سىنىپتىكى باللارنىڭ ھەممىسى يىغلىغان. «كۈلۈش» دېگەن خەتنى يازغاندا باللارنىڭ ھەممىسى كۈلگەن. «ئۆمىلەش» دېگەن خەتنى يازغاندا باللارنىڭ ھەممىسى يەردە يېتىپ ئۆمىلىگەن.

تېخىمۇ قىزىق بولغىنى، ئۇ بىر قېتىم ئوقۇغۇچىسىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال بېرىپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ قولىغا: مۇئەللىم يىغلاپتۇ، كۈلۈش يىغلاشتىن ياخشى دېگەن خەتنى

يازغان. بۇنىڭ بىلەن مۇئەللىم قاتتىق كۈلگىنىدىن كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكەن.

4. يۇ خەيىك بۇ يىل سەككىز ياشقا كىرگەن قىز بولۇپ، ئىچكى موڭغۇلدىن كەلگەن، ئىككى قۇلىقى پۈتۈنلەي گاس. ئۇ-نىڭ ئاتا - ئانىسى 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل خەجلەپ ئۇ-نىڭ كېسىلىنى داۋالاتقان بولسىمۇ، ئۈنۈمى بولمىغان.

ئۇ گاس بالىلار مەكتىپىگە كەلگەندىن كېيىن ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولغان. ھازىر ئۇنىڭدا ماتېماتىكىغا قارىتا ئىنتا-يىن كۈچلۈك قىزىقىش پەيدا بولغان. ھازىر ئىككى نامەلۇملۇق 1 - دەرىجىلىك تەڭلىمىلەرنى يېشەلەيدۇ.

كىشىنى تېخىمۇ ئەجەبلەندۈرىدىغىنى، تىڭتىڭ سەككىز ياشتا چەمبەرنىڭ تۇراقلىق قىممىتىنى ئۇنلۇق كەسىر چېكىتتىن كېيىنكى، مىڭىنچى خانىسىغىچە يادلىيالايتتى، يۇ خەيىك ئۆزىنىڭ يېشىنىڭ شۇ چېغىدىكى تىڭتىڭ بىلەن تەڭ ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، مەنمۇ چوقۇم يادلايمەن دەپ تۇرۇۋالدى.

ئەينى چاغدا مەن تىڭتىڭغا شەخسەن ئۆزۈم ئۆگەتكەنىدىم. ئەمما، ھازىر ئۇ قىزغا ئۆگىتىشكە ۋاقتىم يوق ئىدى، بىراق، ئۇ قىزنىڭ قىزغىنلىقىغا زەربە بېرىشكە كۆڭلۈم ئۇنىماي، ئۇنىڭغا 500 خانىلىق سان يېزىپ بېرىپ، ئۆزىڭىز يادلاڭ دېدىم.

يەرنى تېرىپلا قويۇپ، ئۇنىڭ ھوسۇلىنى سورىماسلىق كې-

رەك؛ ئۇ قىز ھەر كۈنى بەش مىنۇتتىن 10 مىنۇتقىچە يادلىدى، بىر ئايغا يەتمەيلا 150 خانىغىچە يادلىيالايدىغان بولدى.

5. ليۇ كەيىۋ بۇ يىل يەتتە ياش، لياۋنىڭدىكى ئاددىي بىر ئىشچىنىڭ بالىسى، ئۈچ ئەۋلاد يالغۇز پەرزەنت. ئۇ بالا تۇغۇلغاندا ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا ناھايىتى كېلىشكەن ئىسىم — ليۇ شۈەي دەپ ئىسىم قويغان. كىچىك ليۇ شۈەي بىر ياشقا كىرگەندە دوختۇر ئۇنىڭغا ئىككىلا قۇلىقى گاس ئىكەن، دەپ دىئاگنوز قويغان. ئاپىسى بۇنىڭدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ، نەچچە قېتىم بالىسىنى قۇچاقلاپ بىنادىن سەكرەپ ئۆلۈۋالماقچى بولغان. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ سۆزلىيەلەيدىغان بولۇشىغا بەك تەقەززا بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىسمىنى ليۇ كەيىۋ (زۇۋانى ئېچىلىش) دەپ ئۆزگەرتكەن.

ليۇ كەيىۋنىڭ تىڭتىڭ گاس بالىلار مەكتىپىدە ئۈچ يىل ئوقۇش جەريانىدا، يېزىق تىلى ۋە ئېغىز تىلى تەڭلا تەرەققىي قىلدى، كىتاب ئوقۇشقا پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلدى، «بالىلار ئېنسىكلوپېدىيىسى» ناملىق ئىككى كىتابنى ۋاراقلاۋېرىپ كېرەكتىن چىقاردى. ئۇ رەسىمگە قاراپ مۇنداق بىر ماقالە يازغان:

ئاق بۇلۇت كۆك ئاسماندا ئۈزمەكتە. قۇلۇلە يەر ئۈستىدە ئۆمىلىمەكتە. ھەشقىپىچەك تامغا يامىشىپ تۇرماقتا. كىچىك قۇش ئاسماندا ئۇچماقتا، مۈشۈكئېيىق بامبۇك يېمەكتە. زېمىندا گۈللەر بەكمۇ چىرايلىق ئېچىلغان. ئوت - چۆپلەر ۋە ئۇلارنىڭ يوپۇرمىقى

نىمىدىگەن يېشىل. زېمىندىكى دەرەخلەر نىمىدىگەن ھەيۋەتلىك.

دادام بىر چوڭ دەرەخ، ئاپام بىر چوڭ دەرەخ، مەن بىر شادىمان قۇش، ئۇلار ئارىسىدا توختىماي ئۇچىمەن.

گۈل ئۇستاز، ئوت - چۆپ ئۇستاز، دەرەخ ئۇستاز، ھەممىسى مېنىڭ ياخشى ئۇستازىم. مەن كەڭ تەبىئەت قوينىدا ياخشى ئۆگىنىپ، چوڭ بولغاندا ئالىم بولىمەن.

6. خۇ لىنشى، بۇ يىل 12 ياش، ئالتە ئايلىق بولغاندا قاتتىق قىزىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن گاس بولۇپ قالغان. ئىككى يېشىدىن باشلاپ ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بىلەن ئاڭلاش مەشىقى قىلدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئاران سەككىز سۆزلا ئۆگىنەلىگەن.

ئۇ تۆت ياشقا كىرگەندە، ئاپىسى بىر گاس بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قولىدىكى «گاچا قىزدىن زېھنى ئۆتكۈر بالىغىچە» دېگەن كىتابنى كۆرۈپ، كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ، خۇددى گۆھەرگە ئېرىشكەندەك بولغان. ئەينى چاغدا، بۇ كىتابنى سېتىۋالالمىغاچقا، ئۇ ئايال كۈندۈزنى تۈنگە ئۇلاپ بۇ كىتابنى كۆچۈرۈپ چىققان. قىزىنى تەربىيلەش جەريانىدا بىرەر مەسىلىگە يولۇقسىلا ئاشۇ كۆچۈرۈلگەن كىتابتىن جاۋاب ئىزدىگەن، شۇنىڭ بىلەن بالىسىنىڭ خەت تونۇشى ۋە سۆزلەش ئەھۋالىدا ناھايىتى چوڭ ئىلگىرىلەش بولغان. بىر يىلغا يەتمەيلا ئۇ مىڭغا يېقىن خەتنى ئۆگىنىۋالغان، ئورتاق تىلدا سۆزلىيەلەيدىغان بولغان.

تىگىتىك گاس باللار مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۆزگىرىشلەر بولغان. بىرقانچە مىنۇت ئىچىدە 40 نەچچە كارتىدىكى بىر - بىرىگە زادىلا يېقىن كەلمەيدىغان سۆزلەرنى تېز سۈرئەتتە ئېسىدە قالدۇرالايدىغان بولغان، توققۇز ياشتا 2 - يىللىقتىن 4 - يىللىققا ئاتلىغان.

ئۇنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش بۇ قىزدا ياخشى روھىي ھالەت پەيدا قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ گاسلىقىنى، باشقا باللارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئەمما تەقدىردىنمۇ، باشقىلاردىنمۇ ئاغرىنمىغان، يەنە تېخى ئاپىسىغا ئىلھام بېرىپ: بۇمۇ ياخشى بولغىنى، كاشىلا، دەخلى - تەرۇزلارغا ئاز ئۇچرايمەن، خاتىرجەم ئۆگىنىش قىلالايمەن، دېگەن.

1997 - يىلى، ئۇ 5 - نۆۋەتلىك مىلىك ياخشى ئۆسمۈر، ياخشى بالا «ئۆگىنىش مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن. 1998 - يىلى خېنەن ئۆلكىسى بويىچە «ئون مۇنەۋۋەر ئۆسمۈر» بولۇپ باھالانغان.

بىر جۈ تىگىتىگىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۆجىزە، نەچچىلىگەن جۈ تىگىتىگلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈمىد.

ئىككىلا قۇلىقى گاس بولغان باللاردا ئاشۇنداق يوشۇرۇن كۈچ بارئىكەن، ئىككى قۇلىقى ساق بولغان ساغلام باللارنىڭ ئىلگىرىلىشى نېمىشقا ئۇنداق ئاستا بولىدۇ؟

بۇ ھادىسە جىسمانىي جەھەتتە يېجىرىم بولغان نۇرغۇن بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قەلبىنى تىترەتتى، ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ تەجرىبە ئۆگەندى، نەتىجىدە ئەقلى بالدۇر يېتىلگەن گاس بالىلار ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. شۇنداقلا يەنە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان ئۆگىنىشى ناچار نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدە ئۈمىد يالقۇنى پارلاپ، تەقدىرىدە مۆجىزە خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.

# بەشنچى باب سرنى يېشپ، قانۇنيەتنى چۈشنش

بالىلارنىڭ تىلىنى چىقىرىشتىكى سىر پەرقنى ئېتىراپ قىلىشتا، بالىلارنىڭ ئايغىنى چىقىرىشتىكى سىر ئۇلارنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشكە يول قويۇشتا.

يىقىلىپ چۈشۈشكە يول قويغان، ئۇنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن ھوزۇرلانغاندا، بالا بۇ يىقىلىش بىلەن قايتا يىقىلمايدىغان بولىدۇ، ئۇ مەغلۇبىيەتتىن مۇۋەپپەقىيەتنى، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يورۇقلۇقنى كۆرەلەيدۇ.

## 1. بالىلارنى تەربىيلەشنىڭ سىرىنى بىرلا سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولامدۇ؟

تىڭتىڭ داڭ چىقارغاندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى بىر قانچە يۈز گېزىت - ژۇرنال ئۇنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى جايلاردىن تەجرىبە ئۆگىنىشكە

كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، مەن يېتىشەلمەيلا قالدىم.

بۇلار ئىچىدە كاللامدا ئەڭ چوڭقۇر تەسرات قالدۇرغىنى خېفېيدىن كەلگەن بىر ئائىلە بولدى. بىر ئائىلىدىن بىر بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئىككى تەرەپ بوۋا - مومىسى بولۇپ يەتتە ئادەم كەپتۇ.

مەن ئۇلارنىڭ سەممىي روھىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم، شۇڭا، ھېچ تارتىنمايلا ساق بىر كۈن سۆزلەپ بەردىم. ئۇلارنى بالا تەربىيىلەش ئەڭگۈشتىرىدىن كۆپرەك بەھرىمەن بولۇۋالسۇن دەپ، يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ بەرگۇدەك بولۇپ كەتتىم.

سۆزلەپ ئاغزىم قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ گۇمانلىرى تېخى تۈگىمەيۋاتاتتى.

ئۇلار كەيپى ئۇچقان ھالدا بۇ يەردىن كېتىدىغان چاغدا، ئاجايىپ مەسىلىگە كەلگەن ھالدا تىگىتىگىغا قاراپلا قېلىشتى. ئۇلار كۆڭلىدە: سىز جۇ خوڭ بەك تەلەيلىك ئىكەنسىز، بىر خىسلەتلىك بالىغا دادا بوپتىكەنسىز، ئەگەر بىزنىڭمۇ شۇنداق بالىمىز بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى، دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

شۇ چاغدىلا مەن ئاندىن بەزى نەرسىلەرنى پەقەت كۆڭۈلدىلا چۈشەنگىلى بولىدىغانلىقىنى، سۆز بىلەن ئېيتىپ بەرگىلى بولمايدىغانلىقىنى، باشقىلارنى كۆڭۈلدىكى سىرلاردىن بەھرىمەن قىلىشنىڭ ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن ئىكەنلىكىنى

ھېس قىلدىم. ئەمما مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنىدىمكى، كائىناتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار ھەربىر بالىنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان، ئەگەر بۇنى كۆرۈشنى خالىمىساق بالىلاردىكى بۇ يوشۇرۇن ئىقتىدار نابۇت قىلىنىدۇ.

بالىلارنىڭ تىلىنى چىقىرىش ئۇسۇلى دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى تەربىيە ئۇسۇلى بولغانىكەن، ئۇنىڭدىكى سىرنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېچىپ بەرگىلى، بالىنى ئاتا - ئانىلار ئاڭلاپ دەرھال چۈشىنەلەيدىغان، ئۆگەنسىلا دەرھال بىلىۋالالايدىغان قىلغىلى بولامدۇ؟

## 2. مەن ئاخىرى تاپتىم

يەر شارى ياپپېشىل ئورمان بىلەن قاپلانغان، بىر تۈپ دەرەخ بىر تال ئۇرۇقتىن يېتىلىدۇ، ئاددىي ھەقىقەت كۆپىنچە ھامان كىچىككىنە بىر تال ئۇرۇق ئىچىدە بولىدۇ.

1991 - يىلى يېڭى يىل ئۆتۈپلا، مەن تۇيۇقسىز مەشھۇر بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىسى ياڭ جېن مۇئەللىمنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇ خېتىدە، ئۆزىنىڭ بىزنىڭ ماتېرىياللىرىمىزنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولغانلىقىنى، تىكتىڭنى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى يازغۇچى قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئويىدا ئى-

كەنلىكىنى ھەمدە مېنىڭ بىر كىتاب يېزىپ، قىزىمنى تەربىيىلەش- تىكى سىرلارنى خۇلاسىلەپ چىقىپ، بارلىق ئائىلىلەرنى بۇ بەخت- تىن بەھرىمەن قىلىشىمنى ئۈمىد قىلغانىدى.

جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە ئون يىل تىركەشكەن بىر گاچا قىزنىڭ دادىسىنىڭ مۇشۇ قەلبىنى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ تەسەۋ- ۋۇر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن خەتنى ئېلىپ خۇشاللىق ئىچىدە ئۆيگە يۈگۈردۈم، ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خۇشال- لىق ھېسسىياتى قەلبىمنى قاپلىدى، قەلبىمدە ئاجايىپ تاتلىق بىر سېزىم پەيدا بولدى. بۇ قانداق سېزىم؟

كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان بىر ئىللىقلىق قەلبىمگە ئۇ- رۇلدى، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالماي قاقاقلاپ كۈلگۈم كەلدى.

شۇ كۈنى كارىۋاتتا يېتىپ ئۇيىاق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرلارنى زادى قانداق بىر سۆز بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلاپ چىقىش كېرەك؟

ئويلا، ئويلا... كاللامدا «فۇرۇڭ بازىرى» ناملىق كىنو فى- لىمىدىكى بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى:

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ۋەتەن، خەلقنىڭ غېمىنى يەۋاتقان بىر پېشقەدەم ياچېيكا شۇجىسى رېئاللىق ئالدىدا گاڭ- گىراپ قېلىپ، ھاراق ئىچىپ قاتتىق مەست بولغاندىن كېيىن كەڭ دالىدا ھاراق بوتۇلكىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، دەلدەڭشىپ كېتى-

ۋېتىپ توختىماي ۋارقىرايدۇ:

ــ تۆگىدى! تۆگىمىدى!

ئۇ تۆگىدى دەپ ۋارقىرىغاندا يەرگە يىقىلىپ خۇددى ئۆلـگەندەكلا ياتىدۇ.

تۆگىمىدى دەپ ۋارقىرىغاندا ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ، كۆز-لىرىدە غەلىبە نۇرلىرى چاقنايدۇ.

ئۇ يەنە قايتا ـ قايتا: تۆگىدى، تۆگىمىـدى! تۆگىدى، تـۆ-گىمىدى! تۆگىدى، تۆگىمىدى...! دەپ ۋارقىرايدۇ.

خۇددى ھاۋا گۈلـدۈرلەپ چاقماق چاققانـدەك كاللام بىـر-دىنلا يورىدى. تاپتىم، ئاخىرى تاپتىم.

ئەسلىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ياخشى روھىي ھالىتىدە ئىكەن. بالىلارنىڭ تىلى چىقىۋاتقان، ئـا-يىغى چىقىۋاتقان چاغدا بارلىق ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قەلبىنىڭ چـوڭ-قۇر قېتىدىكى مۇتلەق، شەرتسىز بولغان، ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا يۈزدە يۈز ئىشىنىدىغان «بولىدۇ»، «قىلالايدۇ» دېگەن سۆزدە ئىكەن.

## 3. ئاتا ـ ئانىلاردا ئىككى گۆھەر بار

بالىلارنىڭ تىلى چىقىۋاتقان، ئايىغى چىقىۋاتقان ۋاقىتلاردى-كى ئاتـا ـ ئانىلار تـۇغما تەربـىيىچىلەردۇر. بۇ چـاغدا ئاتا ـ ئـا-

نىلاردا تەبىئىي ھالدا ئىككى گۆھەر بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ بالىلارنىڭ تىلى چىقىۋاتقان، ئايىغى چىقىۋاتقان چاغدىكى ئاتا - ئانىلاردىكى توغرا روھىي ھالەت:

بالىلارنىڭ تىلى چىقىۋاتقان ۋاقىتىدا پەرقىنى ئېتىراپ قىلىش پەرقىنى ئازايتىدۇ.

بالىلارنىڭ ئايىغى چىقىۋاتقان چاغدا ئۇلارنىڭ يىقىلىپ كېتىشىگە يول قويۇش ئۇلارنى يىقىلىشتىن قورقمايدىغان قىلىدۇ.

بالىسىنىڭ «بولىدىغان»، «قىلالايدىغان» لىقىغا ئىشەنگەندە، بالىسىنىڭ ئايىغى چىقىۋاتقاندا ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ يىقىلىپ كېتىشىگە يول قويىدۇ. بالىسى ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ كەتسە ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئەيىبلەمدۇ؟ دۇنيادا مۇشۇنداق قىلىدىغان ئاتا - ئانىلار بارمۇ؟ ھەرگىز يوق. بالىنىڭ ئايىغى چىقىۋاتقاندا، مەيلى بالا 10 قېتىم، 100 قېتىم، مىڭ قېتىم يىقىلىپ كەتسۇن، ئاتا - ئانىلار ھامان ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

## 4. چيەنلۇڭ خاننىڭ تۆت ياشتا ئاندىن تىلى چىققانىكەن

ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ تىلىنى چىقىرىشىدىكى سىر پەرقىنى ئېتىراپ قىلىشتا.

بالىلارنىڭ تىلى چىقىۋاتقان ۋاقىتتا ئاتا - ئانىلار بالىلار بە-

لەن باللار ئارىسىدىكى پەرقنى ئېتىراپ قىلىش، بۇ پەرقكە ھۆر-مەت قىلىش، بۇ پەرقتىن قانائەت ھاسىل قىلىشى لازىم. جۇڭ-گودا: ئېسىلزادىلەرنىڭ تىلى كىچىكىپ چىقىدۇ، دېگەن بىر ماقال بار. ئەنخۇيدا بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئۈچ يېرىم ياشتىمۇ تىلى چىقمى-غان، بالىنىڭ بوۋا - مومىلىرى بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ:

— كېرەك يوق، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، چيەنلۇڭ خانىنىڭ تۆت ياشتا ئاران تىلى چىققانىكەن، — دېگەن.

ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرقنى ئېتىراپ قىلىشىدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ باشتىن - ئاخىرى باللىرىنىڭ شۇنداق قىلالايدىغانلى-قى، باللىرىنىڭ تىلى چىقىپ سۆزلىيەلەيدىغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ باللىرىغا سۆزلەشنى ئۆگىتەلەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەنلىكى-دىندۇر.

ئاتا - ئانىلارنىڭ باللىرىنىڭ كارغا كېلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش روھىي ھالىتى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئە-مەلىيەتنىڭ نەتىجىسى، ھەممە باللارنىڭ ھامان تىلى چىقىدىغان-لىقىغا ئىشەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە يېڭى دەۋردىكى رىقابەتنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، كى-شىلەرگە قويۇلۇۋاتقان تەلەپ بارغانسېرى يۇقىرىلىغاچقا، ئاتا - ئا-نىلار بارلىق ئۈمىدىنى باللىرىغا باغلىدى، ئۆز باللىرى بىلەن

باشقا باللار ئۇتتۇرىسىدىكى پەرقكە بارغانسېرى سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان بولدى.

ئاتا - ئانىلار باللاردىكى پەرقنى ئېنىكار قىلىپلا قالماي، يەنە باللارغا تەلەپنى بارغانسېرى قاتتىق قويۇشقا باشلىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئاتا - ئانىلارنى قارىغۇلارچە بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىشكە، بىر - بىرىنى قوغلىشىشقا مەجبۇر قىلدى. بىر - بىرىنى قوغلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قايغۇرۇش، غەم قىلىش، ئەيىبلەش، رەنجىش، چۆكۈرۈش قاتارلىق بارلىق چارىلەر بىلەن باللىرىنى رىغبەتلەندۈردى، ئەمما مائارىپ تەربىيىسىدە خاتا خاھىشلار ئەۋج ئېلىپ كەتكەچكە، بۇ ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىپ، پەرق بارغانسېرى چوڭايدى.

ئەمەلىيەتتە، گاڭگىراپ قالغان چاغلىرىمىزدا كەڭ تەبىئەتكە نەزەر سېلىشىمىز كېرەك.

قۇياش نۇرى، هاۋا، سۇ، گۈل - گىياھلار، دەرەخلەر بىرلىكتە بىر - بىرىگە ئاجايىپ ماسلاشقان، گۈزەل تەبىئەت دۇنياسىنى تەشكىل قىلغان. تەبىئەت دۇنياسى ھەرگىز گۈللەرنىڭ ئەمەلىي رولىنىڭ دەرەخلەرگە يەتمەيدىغانلىقى، ئوت - چۆپلەرنىڭ بويىنىڭ دەرەخلەردەك ئېگىز ئەمەسلىكى سەۋەبىدىن گۈل ۋە ئوت - چۆپلەرگە سوغۇق مۇئامىلە قىلمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن قۇياش نۇرى، ھاۋا ۋە سۇدىن رەنجىپ يۈرمەيدۇ.

تەبىئەت دۇنياسى گۈل، ئوت ـ چۆپلەر، دەرەخلەر ئارىسى-
دىكى پەرقنى، قۇياش نۇرى، ھاۋا ۋە سۇنىڭ رولىنى ئېتىراپ قى-
لىدۇ. ئۇ گۈللەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان گۈزەللىككە ئىگە ئىكەن-
لىكىنى، دەرەخلەرنىڭ ئۆزىگە خاس قەددى ـ قامىتىنى ئېتىراپ
قىلىدۇ، ئۇ ئوت ـ چۆپلەرنىڭ دەرەخلەردەك ئېگىز، ھەيۋەتلىك
ئۆسۈشىنى تەلەپ قىلمايدۇ، دەرەخلەرنىڭمۇ گۈللەردەك گۈزەل
بولۇشىنى تەلەپ قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن دەرەخ دېگەن دەرەخ،
گۈل دېگەن گۈل، ئوت ـ چۆپ دېگەن ئوت ـ چۆپ بولالايدۇ.

بالىلىرىنىڭ تىلى چىقىۋاتقاندا، ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارغا ناھايى-
تى كەڭ قورساقلىق قىلىدۇ. بالىلىرى تۇنجى قېتىم «سۇ» دېگەن
سۆزنى «پۇ» دېگەندە ئاتا ـ ئانىلار قاتتىق خۇشال بولۇشۇپ، با-
لىمىز بەك ئەقىللىق بوپتۇ، ئۆزىنىڭ تەلپىنى ئىپادىلىيەلىگۈدەك
بوپتۇ، دەپ قارايدۇ. خۇشاللىق ھېسسىياتى ئاشۇ «پۇ» دېگەن
سۆز بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ھېچقانداق ئانا بالىسىنىڭ سۇ دې-
گەن سۆزنى «پۇ» دېگەنلىكى بىلەن بالىسىغا تەنبىھ بېرىپ:

ــ ھەي ماۋماۋ، تۆت ياشقا كىرگەندە ئەمدى تىلىڭ چىق-
تى، قوشنىمىزنىڭ بالىسىنىڭ سەككىز ئايلىقتىلا تىلى چىققان،
سەن خىجىل بولماي سۆزلىگىنىڭ بىلەن مەن سېنىڭ سۆزۈڭنى
ئاڭلاپ خىجىل بولۇپ كېتىپ بارىمەن!

ــ كېلە، ماۋماۋ، ھازىر تىلىڭ چىقتى، قاشاڭ ئۆردەك

بالدۇر ئۇچار دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ! مەن ساڭا يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن يۇقىرى تەلەپ قويىمەن، ئۇسسىساڭ، ماڭا: ئاپا، بىر ئىستا- كان سۇ بېرىڭ، دېيسەن، ئېنىق دېيەلمىسەڭ، ئاچچىقىم كېلىپ قالىدۇ، گەپنى تولۇق دېيەلمىسەڭ تاياق يەيسەن!ــ دېمەيدۇ.

دۇنيادا مۇشۇنداق دەيدىغان ئانىمۇ بارمۇ؟ قەتئىي يوق. ھېچقانداق بىرەر ئانا بالىسىغا مۇنداق تەلەپ قويمايدۇ.

بالا دەل «يارايسەن» دەيدىغان مۇھىتتا بارغانسېرى ئوچۇق گەپ قىلىدۇ، ئۆگىنىدىغان سۆزلىرى بارغانسېرى كۆپىيىدۇ، شۇ- نىڭ بىلەن ئاستا ـ ئاستا سۆزلەشنى ئۆگىنىدۇ.

ئەمما بالىلار چوڭ بولغاندا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارغا بول- غان كەڭ قورساقلىقى ئۆز نەزىرىدە ئاستا ـ ئاستا ئارتۇقچە ئىش بولۇپ قالىدۇ، بولۇپمۇ ئىمتىھان نومۇرىغا قارىتا شۇنداق بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى چېكىنىپ كېتىپ بارىدۇ دەپ گۇمانلىنى- دۇ، بالىلارمۇ كۆڭلىدە ئۆزلىرىدىن يارىماس ئىكەنمەن دەپ گۇ- مانلىنىشقا باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ گۆھىرىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

## 5. بۇ ۋاقىتتىكى ئاتا ـ ئانىلار بالىلار ئۈچۈن گوياكى تاغدەك يۆلەنچۈك

مەيىن شامال چىقىپ تۇرغان، ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بىر

كۆنى مەيداندىكى چىملىقتا بىر بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىلھاملاندۇ-رۇشى بىلەن تەمتىلەپ ماڭماقتا ئىدى.

بالا دەلدەڭشىپ مېڭىشقا باشلىدى. بىر قەدەم، ئىككى قە-دەم، ئۈچ قەدەم... ھەي، بالا يىقىلىپ كەتتى.

بالا يىغلىمىدى، ئۇ ناھايىتى باتۇر ئىكەن، ئۇ ئورنىدىن تۇردى. يەنە مېڭىشقا باشلىدى، بىر قەدەم، ئىككى قەدەم... يەنە يىقىلىپ كەتتى، يەنە ئورنىدىن تۇردى.

سەبىي بالا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مېڭىشقا تىرىشاتتى، ئۇ-نىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇنىڭدىن شۇنچە خۇشال ئىدى، بۇ ئىنتايىن گۈزەل بىر كارتىنا، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش تەس بولغان گۈزەل بىر تەربىيە كۆرۈنۈشى ئىدى.

بارلىق بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە ماخ-تاش سادالىرى ئىچىدە مېڭىشنى ئۆگىنىدۇ، چوڭلار يارىتىپ بەر-گەن كەڭ، ئازادە مۇھىتتا بەختلىك ھالدا چوڭ بولىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا يول قويۇ-شى ئۇلارنىڭ «قىلالايدۇ» دېگەنگە قەتئىي ئىشەنگەنلىكىدىن بول-غان، بالىلىرىنىڭ يىقىلىپ كەتسە قايتا ئورنىدىن تۇرالايدىغانلىقى-غا، بالىلىرىنىڭ ھامان بىر كۈنى باتۇرلۇق بىلەن بىرىنچى قەدەم، ئىككىنچى قەدەمنى باسالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكىدىن بولغان. ئا-تا ـ ئانىلارنىڭ ئىشەنچى ئۆز ھەرىكىتىدە، كۆلكىسىدە ئىپادىلىنى-

دۇ. باللار بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭدىـن روھىي ئوزۇق ئـې-
لىپ، ئازادە، ئەركىن مۇھىتتا چوڭ بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيت-
قاندا، بۇ چاغدا باللار مەغلۇپ بولۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بو-
لىدۇ. دەل باللارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا يول قويۇشتىـن ئىبارەت
ئۇسۇل ئۇلارنى مەغلۇپ بولۇشتىن قورقمايدىغان قىلىپ، مۇۋەپ-
پەقىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

باللار مېڭىشنى ئۆگىنىۋاتقاندا ئاتا- ئانىلار خۇددى تاغدەك يۆلەنچۈك بولۇپ، ئۇلارغا چەكسىز كۈچ بېغىشلايدۇ.

مەغلۇپ بولۇش ھەر بىر بالا ھاياتىدا چوقۇم دۇچ كېلىدىغان ئىش، باللارنىڭ بۇنىڭغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشى دەل ئاتا- ئانىلارنىڭ روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. باللار قانچىكى ئازادە، ئەركىن مۇھىتتا چوڭ بولسا مەغلۇبىيەتتىن شۇنچە قورقمايدىغان بولىدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار قانچىكى ھەددىدىن ئارتۇق قاتتىق تەلەپ ئاستىدىكى مۇھىتتا چوڭ بولسا، مەغلۇپ بولۇشتىن شۇنچە قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

باللارنىڭ روھىي ھالىتى گوياكى تاشپاقا بالىسىغا ئوخشايدۇ. تاشپاقا بالىسى بېشىنى قېپىدىن چىقارغاندا، ئەگەر ئەتراپىتىكى مۇھىت ناھايىتى بىخەتەر بولسا، ئۇ ئەركىن، خاتىرجەم ھالدا ئەتراپىتىكى مۇھىتنى كۆزىتىدۇ. ناۋادا خەتەرلىك ئەھۋال كۆرۈلسە دەرھال بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالىدۇ، ئەگەر ھەر قېتىم بېشىنى چى-

قارغاندا ھەممىشە خەتەرگە دۇچ كېلىۋەرسە، ۋاقىتىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ئىككىنچى قېتىم بېشىنى چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر ھەر قېتىم بېشىنى چىقارغاندا مۇھىت تىنىچ، بىخەتەر بولسا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تاشپاقا بالىسى بېشىنى چىقارغاندا بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولغاچقا، بېشىنى ئاسانلا قېپىغا تىقىۋالمايدىغان بولىدۇ.

## 6. كۆپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسا ئېھتىمال مۇۋەپپەقىيەتكە شۇنچە يېقىنلاپ قېلىشى مۇمكىن

ئاتا - ئانىلار بالىلارغا مەغلۇپ بولۇشتىن قورقمايدىغان ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنى مەغلۇپ بولۇشنى سىناپ بېقىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى لازىم.

بىر كىچىك قىز ئەمدىلا مۇز تېيىلىشنى ئۆگەنگەندە بەكلا ئېھتىيات قىلدى، پۇت - قوللىرى دىر - دىر تىترەپ كەتتى، لېكىن يەنىلا يىقىلىپ كەتتى. كىچىك قىز كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا مۇز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆككەن ھالدا باشقىلارنىڭ ئاجايىپ ئېسىل ھەرىكەتلىرىگە كۆز ئۈزمەي قارايتتى.

بۇ چاغدا، بىر ئوغۇل بالا قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ قو-
لىدىن تارتىپ تۇرغۇزدى ۋە سەمىمىي ھالدا: سىڭلىم، مۇز تېيىـ-
لىغاندا يىقىلىپ كېتىشتىن قورقماسلىق كېرەك. مۇز تېيىلىش يى-
قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدىغان ھەرىكەت. ھازىردىن باشلاپ،
سىز 50 قېتىم يىقىلىپ كېتىشكە تەييار تۇرۇڭ، شۇنىدىن كېيىن
سىز يىقىلىپ كەتمەي مۇز تېيىلىيالايدىغان بولىسىز،ــ دېدى.

كىچىك قىز:

ــ راستىمۇ؟ــ دەپ سورىدى.

ئوغۇل بالا قەتئىي ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى.

قىز قەتئىيلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ تېيىلىشقا باشلىدى.

بىر قېتىم، ئىككى قېتىم يىقىلدى...

ھەر قېتىم يىقىلغاندا قىزنىڭ كۆزلىرى بىر قېتىم نۇرلاندى، چۈنكى، ئۇ قانچە كۆپ مەغلۇپ بولسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا شۇنچە ئاز قالغانلىقىنى بىلەتتى.

21 قېتىم يىقىلغاندىن كېيىن قىزنىڭ ئەمدى يەنە يىقىلغانلىقىنى سانىشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى.

ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئىش بولدى، مەغلۇپ بولۇشقا تەييارلىق قىلغان، مەغلۇپ بولۇشنى قوبۇل قىلغان ھەم مەغلۇپ بولۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغاندا، بالىلار مەغلۇبىيەتتىن مۇۋەپپەقىيەتنى كۆرەلەيدۇ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يورۇقلۇقنى كۆرەلەيدۇ.

ھەرقانداق تىرىشچانلىق بىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە، نۇرلۇق نىشاننىڭ يول باشلىشىغا موھتاج.

بالىلار كىچىك ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىلار ھەمىشە بالىلارغا مۇۋەپپەقىيەت ئەنئەنىسى ۋە يۈكسەك غايە ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنداق ئىدىيىنى سىڭدۈرسە، بالىلار ئاستا ـ ئاستا مەغلۇپ بولۇشقا بولغان پوزىتسىيىسىنى تەڭشىۋالىدۇ.

مەغلۇپ بولۇشقا تەييارلىق قىلىش مەغلۇپ بولۇشقا يول قويۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ ئاكتىپ تەدبىر. مەغلۇپ بولۇشقا تەييارلىق قىلىش گوياكى مۇداپىئە ئوكۇلى ئۇرۇش، مەغلۇپ بولۇشقا يول قويۇش كېسەلنى داۋالاشتۇر.

## 7. باشقىلارغا سېلىشتۇرساڭ، بالىنى نابۇت قىلىسەن

نېمە ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى كىچىك ۋاقتىدا «يارايدۇ» دەپ، چوڭ بولغاندا «يارىماس» دەپ ھېس قىلىدۇ؟

بۇنىڭ سەۋەبى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدا.

بالىلارنىڭ تىلى چىققاندىن كېيىن ياكى بالىلار ماڭغاندىن كېيىن، بالىلارنىڭ ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قارىشى ئۆزگىرىدۇ، ئۇلار ئاستا ـ ئاستا ئۆز قوللىرى-

دىكى گۆھەرنى يوقىتىپ قويىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى بالىلىرىنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىشتەك «ئاچ كۆزلۈك» ئالىدۇ.

ئاچ كۆزلۈك ئاتا ـ ئانىلارنى كۆز ئالدىدىكىلا مەنپەئەتنى قوغلىشىشقا باشلايدۇ، ئۇلارنى هاياتلىق قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولغان تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا، بالىلارغا قارىتا مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمىسىمۇ مەجبۇرىي بولىدىغان قىلىشقا، بىردەك قاتتىق تەلەپ قويۇشقا يېتەكلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىلارنىڭ ئازابلىق ئۆگىنىش هاياتى باشلىنىدۇ... ئاتا ـ ئانىلار شۇنى بىلىدۇكى، زىرائەتلەرنىڭ ياخشى ئۆسۈشى، ئاپىنىشى ئۈچۈن تۇپراقنى كۈچەيتىش كېرەك. راستىنلا مايسىنى تارتىپ ئۆستۈ-رىدىغان دېھقان بولمايدۇ، مايسىنى مەجبۇرىي تارتىپ ئۆستۈرىمەن دېسە، مايسا يۇلۇنۇپ كېتىپ قۇرۇيدۇ.

بەزى ئاتا ـ ئانىلار:

زىرائەت بىلەن ئادەم ئوخشىمايدۇ، زىرائەتنى تارتىپ ئۆس-تۈرىمەن دېسە يۇلۇنۇپ كېتىپ قۇرۇيدۇ، بالىلارغا ھەرقانچە ئېغىر بېسىم قىلسىمۇ، ئۇلار يەنە ئۆز پېتى تۇرىۋېرىدۇ، ئۇلارغا ھېچ-قانداق خەتىرى بولمايدۇ، دەپ قارىشى مۇمكىن.

مەن ئاۋازىمنىڭ بارىچە:

ــ خاتالاشقانلىق!ــ دەپ ۋارقىرايمەن.

ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىكى پەرق تۇمەن مىڭ خىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ياخشى نامى نەچچە يۈز يىللارغىچە ئۇنتۇلمايدىغان ئۇلۇغ زاتلار، بەزىلىرى رەزىل، چاكىنا ئادەملەر، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرىمەن دەپ يۇلۇپ تاشلايدىغىنى بالىلارنىڭ شەكىلسىز هاياتىنىڭ يىلتىزى — كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان مەنىۋى هاياتىنىڭ يىلتىزى. بۇ يىلتىز هەر بىر بالىنىڭ هاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئىززەت ـ هۆرمەت ۋە ئىشەنچ.

بالىلارنىڭ مەنىۋى هاياتىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بار. خۇددى بىر دانىشمەن ئېيتقاندەك:

هەر بىر ئادەم هەرگىز تۇغۇلغاندىلا بىر تۇپ دەرەخ بولۇپ تۇغۇلمايدۇ، ئۇ تۇغۇلغاندا پەقەت بىر ئۇرۇقلا بولىدۇ، بۇ ئۇرۇق تاكى چېچەكلىگەنگە قەدەر ئۆسۈپ يېتىلىشى لازىم، پەقەت چېچەكلەپ ئېچىلىشىلا هەربىر ئادەمنىڭ قانائەت هاسىل قىلىشى ۋە نەتىجىگە ئېرىشىشىدۇر.

بۇ خۇددى كۆلدىكى نىلۇپەرگە ئوخشايدۇ، گۈللەر بەزىلىرى بالدۇر، بەزىلىرى كېيىن ئېچىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ هەممىسى ئوخشاشلا گۈزەل بولىدۇ. هەرگىز گۈلنىڭ سەۋەبىدىن هايات گۈزەللىكى يوقىلىپ كەتمەيدۇ. تۇمەن مىڭ خىل بولۇش تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئورتاق قانۇنىيىتى.

## 8. ئۆرمسا ياخشى ئادەم بولمايدۇ

ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى سەل بولمايۋاتىدۇ دەپ ھېس قىلـ سىلا خۇددى مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرگەندەك ئىش قىلماقچى بو- لىدۇ. «ياڭزى كەچلىك گېزىتى» دە مۇنداق بىر خەۋەر بېرىلـ گەن. بەزى ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ تەربىيىلەش تەجرىبىلىرىنى مۇنداق خۇلاسىلىگەن:

90 دىن تۆۋەن نومۇر ئالسا ئۇرۇش كېرەك.

90 ~ 95 كىچە نومۇر ئالسا جازالاش كېرەك.

95 تىن يۇقىرى نومۇر ئالسا مۇكاپاتلاش كېرەك.

ئويلاپ باقايلى، بۇ تەجرىبە بويىچە بولغاندا ھەر قېتىملىق ئىمتىھاندىن كېيىن، مۇكاپاتلىنىدىغان بالىلار كۆپ بولامدۇ ياكى تاياق يەيدىغان بالىلار كۆپ بولامدۇ؟

بىر كۈنى مەن كوچىدا ۋېلسىپىتلىك كېتىۋېتىپ، مۇنداق بىر قىزنىڭ پاراڭنى ئاڭلاپ قالدىم:

بىر ئايال بىر ئەرگە ناھايىتى سىرلىق قىلىپ:

ــ سىزگە بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتاي، بالا تەربىيىلەشنىڭ سىرىنى مەن ئاخىرى بىر سۆزگە يىغىنچاقلاپ چىقتىم.

مەن بۇ ئانىمۇ بۇ تەجرىبىنى خۇلاسىلەپ چىقىپتۇ دەپ

ئويلاپ، ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولـۇپ، ۋېـ لىسىپىتنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ ئۇلارغا يېقىنلاشتىم.

ئۇ ئانىنىـڭ ئاغزىدىـن: «ئۇرۇش» دېگەن جـاراڭلىق سـۆز چىقتى.

ــ بۇگۈنكى كۈندە، ئاتا ـ ئانىلار يالـغۇز پەرزەنتـلىرىدىـن ئاغزىمىغا سالسام ئېرىپ كېتـەرمۇ، قولۇمـغا ئالسـام يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كېتەرمۇ دەپ قورقىدۇ؛ ئۇ ياققا تارتساقمۇ بۇ ياققا تارتـ ساقمۇ يەنىلا ئاتا ـ بـوۋىلارنىڭ دېـگىنى تـوغرا ئىكـەن، ئۇرمىسا ياخشى ئادەم بولمايدىكەن، بۇ پۈتۈنلەي توغرا، ھەق گەپ ئىكەن.

ــ مەنمۇ ئۇرىمەن، لېكىن بۇنىڭ پايدىسى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاندەك تۇرىدۇ،ــ ھېلىقى ئەركەك كەمتەرلىك بىلەن ئايالدىن مەسلىھەت سورىدى.

ــ پايدىسى بولمىغان ئەمەس، بەلكى كۆڭلىـڭىز بەك يـۇمـ شاق ئىكەن، مۇشتۇمىڭىز ياختىدەك ئىكەن، كۈچـى يوق ئىكـەن. راسا ئوبدان ئۇرسىڭىز پايدىسى بولىدۇ، ھەتتا مـۇئەللىـملەرمۇ بـاـ لىلارنىڭ نەتىجىسى بېسىم بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، دەيدۇ. نەـ تىجىسى ياخشى بولمىسا ئۆيگە كەلگەندە تاياق يېسە نەتىجىسى يـۇـ قىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

ــ بىرىنـچى قېتـىم ئۇرغانـدا بالام بەك قورقـۇپ قاتتىــق يىغلاپ كەتتى، يۈرىكىم زادىلا چىدىمىدى،ــ ئۇ ئەرنـىڭ يەنـىلا

ئەندىشىسى تۇگىمىگەنىدى.

ــ سىز مەردانىلىق بىلەن بالىڭىزغا: مەن سىنى ئۇرماقچى ئەمەس، سىنىڭ كەمچىلىكىڭنى تۈزەتمەكچى، دىيىشىڭىز كىرەك، ـ ئۇ ئايال يەنىلا ناھايىتى مەمنۇنلۇق بىلەن ئۆز تەجرىبىسىنى تو-نۇشتۇرماقتا ئىدى.

بۇ سۆھبەتتىن ناھايىتى جىددىي بىر تېما كېلىپ چىقىدۇ.

## 9. «ئۇرۇش» ئىككى ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى توساق

جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى فېئوداللىق ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنىڭ بوغۇشىغا ئۇچرىغان. «كالتەك ئاستىدىن ۋاپادار ئوغۇل چىقىدۇ» دېگەن قاراش نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئېڭىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ئۇرۇشنى ئاسان، ئاددىي، بالىلاردىكى ئۆزگىرىشنى دەرھال كۆر-گىلى بولىدىغان، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدىغان، مۇشتۇمنى ئوينىتىپ ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىق ھەيۋىسىنى كۆرسى-تىدىغان چارە، دەپ قارىغان. ئەپسۇسكى، مۇنداق ئاددىي، قوپال تەربىيىلەش ئۇسۇلى ئۇزىنىڭ ئاجىزلىقىنى يوشۇرالمايدۇ. شۇنداقلا يەنە تېپىك ھالدىكى «مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش» بو-لۇپ، ئۇنىڭ بىۋاستە ئاقىۋىتى بالىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەن-

چىسىنى نابۇت قىلىشتىن ئىبارەت. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنى ئۇ-رۇشىدىكى ئورتاق پسخىكىسىنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇنى پۇشايمان قىلىش بىلەن سۆيەتلەشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، ئاچچىقلىنىش. بالىنى قانچە ياخشى كۆرسە ئۇ-نىڭغا شۇنچە قاتتىق ئاچچىقلىنىش. بالا بىرلا بولغاچقا، ئۇنى تەر-بىيىلەشتە مەغلۇپ بولۇش پۈتۈن ئائىلىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىغا تەڭ. شۇڭا بالىسىنىڭ ياخشى ئوقۇيالمايدىغانلىقىنى كۆرگەندە ئۇلار تىت ـ تىت بولۇپ، قەلبى پۇچۇلىنىپ كېتىدۇ. كونا 3 ـ قاراردا ئوقۇغان بىر دادا ماڭا: بەزىدە ئوغلۇمنىڭ ھېچنېمە بىلەن كارى يوق لاغايلاپ يۈرگىنىنى كۆرگىنىمدە بىر تېپىپ ئۆلتۈرۈ-ۋېتىپ، ھەممىدىن خالاس بولغۇم كېلىپ كېتىدۇ، دېگەن بۇ سۆزدىن ئۇ دادىنىڭ تاش يۈرەكلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچى، ئىچى ئېچىشىش. تاياق بالىغا تەگسىمۇ، لېكىن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يۈرىكى ئېچىشىدۇ. بىر بالىنىڭ دادىسى: بالامنىڭ كۆزىدىن ياش ئاقسا، مېنىڭ يۈرىكىمدىن قان ئاقىدۇ، دېدى.

بەزى ئاتا ـ ئانىلار كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدى-غان چارىنى ئويلاپ تاپقان. بالىلىرى ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمە-سە، بالىسىنى ئۇرماي بالىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كاچاتلاپ يۈزلىرى-نى ئىششىتىۋېتىدۇ، كۆڭلىدە بالامنىڭ دىلىغا ئازار بەرمىدىم،

شۇنداقلا بالىنى ساۋاقلا ئىگە قىلدىم، دەپ ئويلايدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇ بالىلارنىڭ قەلبىدە پۇشايمان قىلىش تۇيغۇسى، گۇناھكارلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، پۇشايمان قىلىش. بالا ئازار يەپ ئۇخلاپ قالسا، ئاتا - ئانىلارمۇ خاپا ھالدا بىر - بىرىگە قارىشىپ كېچىچە ئۇخلىيالمايدۇ. ئۇلار يۈرىكى قاتتىق ئېچىشقان ھالدا بىر - بىرىدىن ئاغرىنىپ، بىر - بىرىنى ئەيىبلەپ: سەن بەك قاتتىق ئۇرۇۋەتتىڭ، سەن بەك قاتتىق تېپىۋەتتىڭ، دېيىشىدۇ. يەنە بالا ئويغىنىپ كەتمىسۇن دەپ ئاۋازىنى چىقىراق چىقىرىشقا پېتىنالمايدۇ.

مۇنداق ئۈچ كۆرۈنۈشلۈك ئويۇن ھەر كۈنى جۇڭگودىكى سانسىزلىغان يالغۇز پەرزەنتلىك ئائىلىلەردە ئوينىلىپ تۇرىدۇ. «ئۇرۇش» ئىككى ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدا تۇساق پەيدا قىلىپ، قېرىنداشلىق مېھرىنى سۇسلاشتۇرىۋېتىدۇ، ئىككى ئەۋلادنىڭ قەلبىدە مۇداپىئە توسقى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئاتا - ئانىلارنىڭ قەلبى ئازابلىنىدۇ، ئەمدى تاياق يېگەن بالا نېمىلەرنى ئويلايدۇ؟

## 10. «بىز ئەزەلدىن تىمساقنىڭ كۆز يېشىغا ئىشەنمەيمىز»

مەكتەپكە كىرىشتىن ئاۋۋال ھەربىر بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ

ئۆزىدىن پەخىرلىنىدىغان، ئۆگىنىش نەتىجىسى ئەڭ ئالدىنقى با-لىلاردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمەي ئارقىدا قالسا، ئوقۇتقۇچىنىڭ رەنجىشى، ساۋاقداشلارنىڭ مەسخى-رىسى ئالدىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشىپ، ئۆز ئى-شەنچى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى تېپىۋېلىش ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى بولۇپ قالىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەرگىز خىيالىغا كەلمەي-دىغىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىنى ھاقارەتلىشى، تەنبىھ بېرىشى ۋە تايىقى بولىدۇ. بالا ئېچىنىشلىق يىغا ئىچىدە ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان گۈزەل دۇنيانىڭ بەربات بولغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

بالىنىڭ تېنى ئازابلىنىدۇ، قەلبى تېخىمۇ ئازابلىنىدۇ. داۋاملىق تاياق يەۋېرىپ بالىنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايدۇ ھەمدە ئۇلاردا قارشىلىق قىلىش روھىي ھالىتى پەيدا بو-لۇشقا باشلايدۇ.

بىر قېتىم خېنەنلىك بىر ئەر خوتۇن بالىسىنى ئېلىپ مەن-دىن مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن نەنجىڭگە كەپتۇ. ئۇلارنىڭ بالىسى ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولمىغاچقا ھەمىشە تاياق يەيدىكەن، شۇڭا، ئوقۇشتىن زېرىككەن ئىكەن.

مەن ئۇ بالىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم، بالا ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن بولسىمۇ ئەمما كۆزلىرى نۇرسىز، روھىي ھالىتى ناھايىتى بىنورمال، باشقىلار گەپ سورىغاندا بېشىنىمۇ

كۆتۈرمەيتتى.

مەن بىر مۇنچە سۆزلەپ ئۇنىڭ قەلب تۇگۈنىنى يەشتىم. ئۇنىڭ چىرايى سەل ئېچىلدى، بالا ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى، قولى بىلەن كۆزىنى سۈرتتى، ئەمما بىر ھازاغىچە كۆزىدىن ياش چىقمىدى.

ــ بۇ بالا يىغلىسا كۆزىدىن نېمىشقا ياش چىقمايدۇ؟

ــ ئۇ كىچىك چاغدا مەن ئۇرساملا يىغلايتتى، بىز ئۇنىڭغا كەسكىنلىك بىلەن: بىز ئەزەلدىن «تىمساقنىڭ كۆز يېشىغا ئىشەنمەيمىز» دېگەن. كىم بىلسۇن ھازىر ئۇنىڭ يىغلىسىمۇ كۆزىدىن ياش چىقمايدىغان بولۇپ قالدى،ــ بالىنىڭ كۆزلىرىدە دىلئازارلىق ۋە ئازاب نۇرلىرى ئەكس ئەتتى.

مەن بالىنىڭ دادىسىغا بۇرۇلۇپ:

ــ بالىڭىزنى ئۇرۇشقا قانداق چىدىغانسىز؟ــ دېدىم سەل ئەيىبلەش تەلەپپۇزى بىلەن.

بالىنىڭ دادىسى:

ــ مەن كىچىك ۋاقتىمدا دادام ھەمىشە مېنى ئۇراتتى، مەن تاياق دەردىنى يەتكۈچە تارتقان. مەن ئۆزۈمگە بالامنى ھەرگىز ئۇرمايمەن، ئۇنىڭ بىلەن ئاغىنە بولۇپ ئۆتىمەن دەپ قەسەم بەرگەن. ئويلىمىغاندا مەن ئەسكەرلىككە كىرىپ، باتالىيون كوماندىرى بولدۇم. ئويلاپ باقسام بۇ دادامنىڭ بالىنى ئۇرمىسا يارامىلىق ئادەم

بولمايدۇ، دېگەن قارىشىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن. ئەگەر كىچىك ۋاقتىمدا دادام مېنى تېخىمۇ قاتتىقراق ئۇرغان بولسا، ئېھتىمال بۈگۈنكى كۈندە پولك كوماندىرى، دىۋىزىيە كوماندىرى بولۇپ قالاركەنمەن، — بالىنىڭ دادىسى چوڭقۇر بىر خۇرسىنىپ قويۇپ، ئازابلىق ھېسسىياتى بىلەن — شۇڭا بالامنى ئۇردۇم، بەزىدە كۈندە ئۈچ قېتىم ئۇردۇم، مانا ھازىر بالام يىغلاي دېسىمۇ كۆزىدىن ياش چىقمايدۇ، — دېدى.

— بالىنىڭ قەلبىدىكى بۇلاق قۇرۇپ كەتكەن تۇرسا كۆزىدىن قانداق ياش چىقسۇن؟

— دادىڭىز سىزنى شۇنداق ئۇرىدىكەن، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنەمسىز؟— مەن بالىنىڭ قەلبىدىكى سۆزىنى ئېيتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.

— نەپرەتلىنىمەن،— بالا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا دادىسىغا قاراپ قويۇپ پەس ئاۋازدا شۇنداق دېدى.

يۈرىكىم جىغ قىلىپ قالدى، بالىنىڭ قەلبىدە ھازىر خۇشاللىقتىن ئەسەر يوق، ئۇنىڭ دىلى ئازار يېگەن، ئۈمىدسىزلەنگەن ئىدى.

— تاياق يېگەن چاغدا قورقامسىز؟— ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم تاياق يېيىش ئۈچۈن ناھايىتى زور جاسارەت كېرەك.

— ئامال يوق، ئۇلارغا يالۋۇرغانلىقىمۇ پايدىسى يوق، ئاغرىق

ئازابىغا بەرداشلىق بېرىش ئۈچۈن مەن ئىنقىلابىي قۇربانلارنى، جياڭ ھەدە، شۇ يۇنفېڭ، چىن رەنلەرنى ئېسىمگە ئالىمەن...

بالا كېيىن ئېيتقان ئىسىملارنى ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم...

مەن بالىنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ، كۆكرىكىنى كېرىپ، بېشىنى كۆتۈرگەنلىكىنى، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنى چاقناۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇ ئاتا - ئانىسىنى فاشىستلار دەپ قاراۋاتاتتى.

دەۋرىمىز روھىي ھالىتى نورمال، ئەركىن، مەردانە ئىنز بالىلارغا موھتاج. ھەرگىز ئۇنداق «فاشىستلارغا قارشى جەڭچىلەر» ياكى ھەدېسىلا خوش - خوش دەپ تۇرىدىغان غالچىلارغا مۇھتاج ئەمەس.

ئەگەر ئاتا - ئانا بولغۇچى بالىسىنى مۇشۇنداق ئۇرۇۋېرىدىغان بولسا، ئۇ بالىسىنى ئۇرۇپ زادى نەگە ئاپىرىپ قويماقچى؟

## 11. تىللاپ تەربىيىلەشتە چېنىس رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلاش

ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئەقىللىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، شۇنداقلا ھازىرقى بالىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كىچىك ۋاقتىلىرىدىكىگە قارىغاندا كۆپ ئەقىللىق بولۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلىدۇ.

شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈۋالماسلىقى ئۈچۈن، ھەمىشە «دۆت» دەپ ئۇلارنىڭ زىتىغا تېگىدۇ.

يالغۇز ئاتا ـ ئانىلارلا ئەمەس، ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دەرس ۋاقتىدا سىنىپىدىكى ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ بېشىدا كاشتان چاقىقان، كاشتان چاققاچ ھەدەپ: قاپاقباش، دۆت، چوشقا، يارىماس، پوق قورساق... دەپ تىللىغان. تېخى بىر جوپ قوشكېزەكنىڭ بېشىدا ئىككى قېتىم كاشتان چاققان. ئۇ ئوخشىمىغان 50 نەچچە خىل سۆز بىلەن تىللىغان، ئۇ تىلغا بايلىقى جەھەتتە جىنىس دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىغان. بۇ تىللاپ تەربىيە بېرىشتۇر.

## 12. قىزىم يەۋاتقان مانتىنى ياندۇرۇۋېتىشكە تاسلا قالدى

يەنە بىر خىل بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇپ تەربىيلەش ئۇسۇلى بولدى، مۇنداق ئەھۋال جۇڭگودىكى ئائىلىلەردە كەڭ ئومۇملاشقان.

ــ ئاتاڭ، ئاناڭ كىچىك ۋاقتىدا بەك ئەقىللىق ئىدى، سەن نېمە بولۇپ مۇنداق دۆت بولۇپ قالغانسەن! ئەگەر بۇرۇنراق

مۇنداق بولۇپ قالىدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسام، سېنىڭ ئورنۇڭغا بىر ئىت باقاركەنمەن.

بىر ئانا قىزىنى مانتا يەۋاتقاندا، تەربىيە بېرىشنىڭ ئورنىغا تازا پۇرسىتى كەلدى دەپ ئويلاپ، ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ قىزىغا:

— قىزىم، ساڭا بىر يۈرەك سۆزۈمنى ئېيتىمەن،— دېگەن. قىزى دىققەت بىلەن قۇلاق سالغان.

— مەن بارغانسېرى ئەتراپىڭىكى قولۇم ـ قوشنىلار، ئۇرۇق ـتۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر ئارىسىدا سېنىڭ ئەڭ دۆت ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

قىز ئاغزىدىكى يەۋاتقان مانتىنى ياندۇرۇۋېتىشكە تاسلا قالغان.

## 13. بۇ مەسىلىنى مەن چوقۇم ئىشلىيەلمەيمەن، مەن دۆت ئىكەنمەن

يەنە قوزغىتىش شەكلىدىكى بىر خىل تەربىيىلەش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەيران قىلىش ئۈچى تېخىمۇ چوڭ، ئۇ ناھايىتى تېزلا بالىلارنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كېتىدۇ. بۇ كۆپىنچە ئۆزىنى مەدەنىيەتلىك، ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم، دەپ قارايدىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىشى.

بىر قېتىم مەسىلىنى ئىشلىيەلمىدىم،— دېدى. دادىسى بۇ مەسىلىنى كۆرۈپلا شۇنداق ئاددىي مەسىلىنىمۇ ئىشلىيەلمىگىنىگە بىردىنلا غۇزۇرىدە ئاچچىقى تۇتتى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، بالىنى تەربىيىلەشتە سەۋرچان بولۇش كېرەك، دەپ ئويلىدى.

— بوپتۇ، ساڭا بىر قېتىم ئىشلەپ كۆرسىتىپ بېرەي.

بالا دادىسىنىڭ قوشۇمىسىنىڭ تۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆ-رۈپ، ئىلگىرىكى نۇرغۇن ئازابلىق ئىشلارنى ئېسىگە ئالدى- دە، تېنى جۇغۇلداپ كەتتى.

دادىسى مەسىلىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن:

— قارا مانا،— دېدى.

بالىنىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقىپ كەتتى، ئۇ بىردەپ ھاڭ-ۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— دادا، يەنە ئۇقالمىدىم،— دېدى. دادىسى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ۋارقىراپ كەتتى،— بوپتۇ، مەن ساڭا يەنە بىر قې-تىم ئىشلەپ كۆرسىتىپ بېرەي. ئەگەر يەنە ئۇقالمىساڭ، سەن بى-لەن ئوبدان دېيىشىمەن،— دېدى. بالا كۆڭلىدە، تۈگەشتىم، ئەمدى قاچاي دېسەمۇ قاچالمايمەن. بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام ھەرگىز سورىماسكەنمەن،— دەپ ئويلىدى.

— ئەمدى كۆرۈپ باق!— بۇ چاغدا بالا ھودۇقۇپ، كۆز-لىرى تورلىشىپ كەتكەن، سانلار كۆزىگە تەتۈر كۆرۈنۈۋاتاتتى.

مەن يەنىلا ئۇقالمىدىم.

دادا مەسىلە ئىشلەنگەن قەغەزنى تىتىپ تاشلاپ بالىنىڭ يۈزىگە ئاتتى. بۇ تىتىپ تاشلانغىنى بالىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى. بۇ چاغدا دادا:

ــ بالام، دەپ باقە، بۇ مەسىلە تەسمىكەن؟ــ دېدى.

ــ تەس ئەمەسكەن.

ــ داداڭ سەۋر ـ تاقەتلىكمىكەن؟

ــ سەۋر ـ تاقەتلىككەن، ئىككى قېتىم ئىشلەپ بەردىڭىز.

ــ بالام، شۇنداق ئاددىي مەسىلىنى ئىككى قېتىم ئىشلەپ كۆرسىتىپ بەرسەممۇ يەنە ئۇقمىساڭ، ئەمدى ساڭا نېمە دېسەم بولىدۇ؟

ئاندىن بۇ كالۋا دادا ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا بالىسىغا ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ تۇرغان، بالىنىڭ بېشى خىجىلچىلىق ئىچىدە ساڭگىلاپ كەتكەن، ئۇ ئۇزۇن ئويلىنىپ، ئاندىن كېيىن چۈشەنگەن.

ــ دادا، مەن راستىلا بەك دۆتمۇ؟

ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنى دەسلەپتە دۆت دېگەن چاغدا، بالا ئۆزىنىڭ سەبىي غۇرۇرى بىلەن ئۆز ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغدايدۇ: مەن دۆت ئەمەس!

ــ بالىلارنىڭ ئەمدىلا تىلى چىققاندا ئۇلاردا كۈچلۈك،

ئەمما نازۇك بولغان ئىشەنچ پەيدا بولغان بولىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى داۋاملىق دۆت دەۋەرگەچكە، بالىلار ئاستا ـ ئاستا مەن دۆت ئوخشايمەن دەپ قالىدۇ. بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كۆرسەتكەندە خۇددى بىر يۇ- رۇش مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇرۇۋاتقانـدەك زادىلا زېرىكـمەستىـن كۆرگەنلا ئادەمگە دەۋېرىدۇ.

ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى دۆت دېسە، ئاخىرى بىـر كۈنى بالا ئـۆ- زىمۇ مەن دۆت ئىكەنمەن دەپ ئىشىنىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىـپ، ئاتا ـ ئانىلار ئاشۇ رەنجىش ـ ئاغرىنىشلىرى سەۋەبىدىن ئۆزلىرى- نىڭ كۈتكىنىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولغان نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.

ھەر قانداق بالا ئۆزىنى مەن دۆت ئىكەنمەن دەپ قارىغاندىن باشلاپ، كـۆزلىرى نۇرسـىزلىنـىشقا، گـەپ- سۆز، ھەرىكـىتـىمـۇ كالامپايلىششقا باشلايدۇ. مۇئەللىم بىر مەسىلـىنى ياخـشى ئويلـى- نىڭلار!ــ دېسىلا ئۇنىڭ ھېسسىيـات دەرۋازىسى، تەپـەككۇر يولـى ئېتىلىپ قالىدۇ- دە، بىرىنچى ئىنكاسى: بۇ مەسىلىنى مەن چوقۇم ئىشلىيەلمەيمەن، مەن دۆت ئىكەنمەن؟-دەيدۇ.

## 14. ماڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن، مەن خىيمەن!

يەنە بەزى ئاتا ـ ئانىلار قۇرۇق ۋەز ـ نەسىھـەتكە ئامـراق.

مەسىلەن: ئۆگىنىشتە قاتتىق جاپا چەكمىسەك، باشقىلاردىن ئۇس-تۇن تۇرىدىغان ئادەم بولالمايسەن. كالىۋا ئۆردەك بۇرۇن ئۇچۇپ ئورمانغا كىرىدۇ. ئەجىر قىلساڭلار تۆمۈر تاياقنى بىلەپ يىڭنە قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا سەن ياخشى ئۆگىنىشىڭ كېرەك، ۋەھا-كازا. ئەگەر بۇ ۋەز - نەسىھەتلەر بالىلارنى ھەقىقىي تەجرىبە ۋە ياردەمگە ئىگە قىلالمىسا، ئۇنىڭ بالىلارنىڭ قەلب دەرۋازىسىنى ئې-چىشى ناھايىتى تەس. چۈنكى، بالىلار ئۆگىنىش دېگەن بەك مۈشكۈل، ئازابلىق ئىش ئىكەن دەپ چۈشىنىپ قالسا، ئۇنىڭ گې-پى چىقىسلا قورقسا، ئۆگىنىشتە ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ.

ئۆگىنىشتە چوقۇم مۈشكۈل جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈش كېرەكمۇ؟

مەن ئۆگىنىشتىكى جاپا تارتىشنى ھەرگىز ئىنكار قىلالماي-مەن. ئەمما قىزىمنى تەربىيىلەش جەريانىدا مەن ئۆگىنىشتىكى جاپا - مۇشەققەتنى ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلىمەسلىك، ئۆگىنىش خۇشاللىقىغا سەل قارىماسلىق كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

ئېينىشتېيىنىنىڭ يۈرەك سۆزىگە قۇلاق سالايلى: كۆپىنچە ئەھۋالدا مېنىڭ قىلغان ئىشلىرىم كۈچلۈك ھەۋەسىنىڭ تۈرتكىسى-دە قىلىنغان، ئۇ شۇنچە كۆپ ھۆرمەت ۋە مۇھەببەتكە ئېرىشتى. ئەمما، بۇ مېنى خىجىللىقتا قويىدۇ ۋە خاتىرجەمسىزلەندۈرىدۇ.

تالانت ئىگىلىرى خىزمەتنى ئويۇن ئورنىدا كۆرىدۇ، خىز-

مەتكە مەستانىلارچە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىدۇ، ئۆگىنىشتە-مۇ شۇنداق قىلىدۇ: بالىلار ياخشى كۆرىدىغان ئىش، قىزىقىدىغان ئىش بالىلارغا ھەرگىز ئېغىر يۈك بولۇپ قالمايدۇ.

قىزىم قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، مەن ھەمىشە كارتون فىلىم «خىيمەن» دىكى كۆرۈنۈشنى ئەسكە ئالىمەن، خىيمەن بىلىدىن شەمشىرىنى چىقىرىپ قاتتىق ۋارقىرايدۇ: «ماڭا كۈچ- قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن، مەن خىيمەن!» مەن مۇنداق چاغدا تىڭتىڭنى خىيمەن دەپ قاراپ، ئۇنى كۈچلۈك ئىشەنچ تۇرغۇزۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قوزغىتىمەن. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭغا زەربە بېرىلسە، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر مەن ھەممىگىلا چات كېرىۋالسام، ئۇنىڭ كۈچلۈكلەر-دىن بولۇش ھوقۇقىنى تارتىۋالغان بولىمەن.

## 15. ھەرگىز «بىلىقچى ۋە ئالتۇنبېلىق ھەققىدە چۆچەك» تىكى موماي بولۇۋالماسلىق كېرەك

ئوقۇغۇچىلارنىڭ رىقابەتنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىشى تارىخىي مۇقەررەرلىك. بىر مىللەت دۇنيا مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشىشى كېرەك، رىقابەتلىشىش يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىختىساس ئىگىلىرىگە موھتاج. لېكىن بۇ يەردىكى تۈپ نۇقتا بالىلار رىقابەتلىشىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشى-

نىشى، چىن قەلبىدە رىقابەتلىشىش ئېستىكى پەيدا بولۇشى، نورمال، ساغلام روھىي ھالەت ۋە مۇككەل پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. بالىغا ئۆزىنىڭ «ماتورى» نى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشنى ئۆگىتىش، بالىنى ھەرگىز ئىتتىرىپ ماڭدۇرماسلىق كېرەك.

بالىلارنىڭ تىلى چىقىشقا باشلىغان، بالىلارنىڭ ئايىغى چىقىشقا باشلىغاندا ئاتا - ئانىلار بالىلارغا بېرىدىغان تەربىيىدىكى چارە - تەدبىرگە ناھايىتى باي بولىدۇ. ئەمما كېيىن بۇ تەدبىرلەرنى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، بۇ چاغدا ئاتا - ئانىلارنىڭ روھىي ھالىتى ئۆزىنىڭ نورماللىقىنى يوقىتىپ، بالىلىرىنى ئىلگىرى يارامىلىق ئادەم، ھازىر يارامسىز بولۇپ قالدى، دەپ قارايدۇ.

ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارنى يارامسىز بولۇپ قالدى دېيىشىدىكى بىر سەۋەب ئاچ كۆزلۈكتىندۇر.

باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىدە «بېلىقچى ۋە ئالتۇنبېلىق ھەققىدە چۆچەك» ناملىق بىر ھېكايە بار. ئۇنىڭدا بىر ئاچ كۆز موماي ھەققىدە ھېكايە سۆزلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېسىلزادە خېنىم بولغانلىقىغا قانائەت قىلماي، ئايال پادىشاھ بولىمەن دەيدۇ. ئايال پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، يەنە بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، پۈتۈن دېڭىز - ئوكياننىڭ پادىشاھى بولىمەن، ئالتۇنبېلىق مېنىڭ خىزمىتىمدە بولسۇن، دەيدۇ. ئاخىرى كېلىپ يەنە شۇ كەمبەغەل كەمپىرلىك ھالىتىگە قايتىپ قالىدۇ. يەنە شۇ ۋەيرانە كەپىسىدە،

سۇنۇق تەگنە بىلەن قىپقالىدۇ.

بەزى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇنداق «ئاچ كۆز» روھىي ھالىتى ئۇلارنىڭ بالىلارغا بولغان ھەددىدىن ئارتۇق تەلىپىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوقۇرى بەكلا ئېگىز بولىدۇ، بالىلار ھەرقانچە قىلىسمۇ ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ. بالا مەكتەپكە كىرىشى بىلەنلا ئۇنى سىنىپ بويىچە بىرىنچى قىلىش ئويىدا بولىدۇ. بىر قېتىمدىلا بىرىنچى بولۇش ئەمەس، ھەر قېتىمدا بىرىنچى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. سىنىپ بويىچە بىرىنچى ئەمەس، پۈتۈن مەكتەپ بويىچە بولۇپلا قالماستىن، رايون بويىچە بىرىنچى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.... بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرىلاۋاتقان نىشان كۆرسەتكۈچىنى قوغلىشىپ ھېرىپ ھالىدىن كېتىدۇ. ئاخىرى ياكى سۇكۇت ئىچىدە پارتلايدۇ ياكى سۇكۇت ئىچىدە ۋەيران بولىدۇ.

جېجياڭدىكى جىنخۇا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى شۈي لىنىڭ، ئۆزىنى ئالدىنقى ئون ئوقۇغۇچى قاتارىغا ئۆتۈشكە قاتتىق مەجبۇرلىغان ئانىسىنى چوك بولقا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى بىر قانلىق ساۋاق.

## 16. باشقىلارنىڭ بالىسىنىڭ نەتىجىسى شۇنداق ياخشى بولسا تىگىتىگىنىڭ ئىشى تۈگەپتۇ

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنى يارامسىز دەپ قارىشىدىكى ئىك-

كىنچى سەۋەب بىر ـ بىرىگە سىڭىشتۈرۈش.

باللار كىچىك ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىلار ئۇلاردىكى پەرقنى ئىپ-تىراپ قىلىدۇ. ئەمما، كېيىن ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار ھەمىشە باشقىلارنىڭ بالىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ بالىسىنىڭ كەمچىلىكىنى سىڭىشتۈرىدۇ، سىڭىشتۈرۈۋېرىپ ئاخىرى ئۆز بالىسى-نىڭ بىرمۇ توغرا يېرى قالمايدۇ، بالا ھەرقانچە تىرىشسىمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەزىرىدە يەنىلا باشقىلارنىڭ بالىسىغا يەتمەيدۇ.

قارىغۇلارچە سىڭىشتۈرۈش ئۈمىدسىزلىكنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئاتا ـ ئانىلار بالىغا ھەددىدىن ئارتۇق تەلەپ قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. باشقىلارنىڭ بالىسى يارايدۇ، سەن نېمىشقا يارىماسلىق قىلىسەن؟ بۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ روھىي ھالىتىدە تەڭپۇڭسىزلىق يۈز بېرىدۇ. شۇڭا، بالىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا يول قويۇش ئەمەلىيەتتە يول قويماسلىققا ئۆزگىرىدۇ، نەتىجىدە بالا مەغلۇپ بولۇشتىن تېخىمۇ قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بالىنىڭ ئىرادىسى كۈندىن ـ كۈنگە سۇنۇشقا باشلايدۇ، ھەمىشە بېسىم ۋە بۇرۇختۇم ھېس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىشەنچ ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى يوقىتىدۇ، بۇ بالىغا ئەقەللىي زەربە بولىدۇ.

قىزىم مەملىكەت بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ئۆسمۈر بولۇپ باھالانغاندىن كېيىن، دوستلىرىم ماڭا «جۇڭگودىكى ئۆس-

مۇر چولپانلار» ناملىق كىتابنى ئەۋەتىپ بەردى. ئەسلىدە مەن ئوبدان كۆرۈپ چىقىپ ئۆز - ئۆزۈمنى ئىلھاملاندۇرماقچى ئىدىم، ئەمما ئەمدىلا كىتابنىڭ يېرىمىنى كۆرۈپلا كۆڭلۈم سوۋۇدى.

«باشقىلارنىڭ بالىسىنىڭ نەتىجىسى شۇنداق ياخشى بولسا، تىڭتىڭنىڭ ئىشى تۈگەپتۇ».

كاللامغا ھەمىشىلا باشقا بالىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى كىرىۋالدى. تىڭتىڭنىڭ كەمچىلىكلىرى كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمىدى. قانداقلا ئويلىسام تىڭتىڭنىڭ تەلەپكە دېگەندەك لايىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، باشقا ئاتا - ئانىلاردىن سىلەردىمۇ شۇنداق سېزىم بولغانمۇ دەپ سورىدىم. ئۇلار:

— توغرا، بىز گاچا قىزنىڭ پەۋقۇلئاددە ئۆتكۈر بالىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ بالىسىنىڭ ئىشىنىڭ تۈگەشكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق، دېدى.

مۇنداق سېلىشتۇرۇش بالىنىڭ ياخشى سېزىمىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بارلىقىغا ئىشىنەلمەيدۇ؛ ئەمەلىيەتتە بالىلار ئاتا - ئانىلار ئۇچۇن بىر ئەينەك، بالىلارنىڭ كەمچىلىكىنى ئاتا - ئانىلار پەيدا قىلغان، ئاتا - ئانىلار يۈزىنى ئايايدۇ، ئابرۇيى تۆكۈلۈشتىن قورقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالىلار ئەركىن ئۆسۈپ يېتىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. بالىلارنىڭ نەتىجىسى ئۆز كۆڭلىدىكىدەك بولماي قالسا، ھەد-

دىدىن ئارتۇق تەلەپ قويۇشتىن ئاخىرى «مايسىنى تارتىپ ئۆس-تۈرۈش»كىچە بېرىپ يېتىدۇ. نەتىجىدە ئىنتايىن ياخشى، ساغلام ئۆسۈۋاتقان نوتىلارنى ۋەيران قىلىدۇ، بىر ياخشى بالىنىڭ ياخشى سېزىمى، ئۈمىدلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ.

## 17. گاچا قىزمۇ زېھنى ئۆتكۈر بالىغا ئايلىنالايدۇ، تالانت ئىگىسى سىزنىڭ يېنىڭىزدىلا

يارايسەن دېسەم يارايسەن،
يارىمساڭمۇ يارايسەن.
يارىماس دېسەم يارىمايسەن،
يارىساڭمۇ يارىمايسەن.

بۇ قوشاقنىڭ ئەسلى مەنىسى ئەمەلدار سورۇنىدىكى رەزىل ھادىسىلەرنى مەسخىرە قىلىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مائارىپ تەربىيە-سىگە تەتبىقلانسا خېلىلا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

«يارايسەن» دېگەن سۆز بىلەن بالىدىكى قورقۇش، ۋەھىمە پەيدا بولۇش تۇيغۇسىنى تۈگىتىدۇ.

«يارايسەن» دېگەن سۆز بالىنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىنى قوزغىتىدۇ.

«يارايسەن» دېگەن سۆز بىلەن بالا ئۆگىنىشتىن خۇشاللىق

تاپىدۇ.

بالىنىڭ يارامىلىق ئىكەنلىكىگە مەڭگۈ ئىشىنىش مېنىڭ قىدىزىمنى تەربىيىلەشتىكى تەسىراتىم. شۇنداقلا قىزىمنىڭ كۆڭلىنىڭ ئەركىن، ئازادە بولۇشى، خۇشال ـ خۇرام، خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆسۈپ چوڭ بولۇشىدىكى سىر.

شۇڭا، ساغلام، مۇكەممەل بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى يەنىلا بالىسىنىڭ يارامىلىق ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى، كېرەكلىك ئادەم بولالايدىغانلىقى ياكى بولالمايدىغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالسا، مېنىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان جاۋابىم هامان شۇكى، گاچا قىزىمۇ زېهنى ئۆتكۈر بالا بولالىدى، تالانت ئىگىسى ئۆز يېنىڭىزدا، دەپ جاۋاب بېرىمەن.

ئاتا ـ ئانىلار چوقۇم بالىلىرىنىڭ تىلى چىقىۋاتقان، ئايىغى چىقىۋاتقان ۋاقتىدىكى هالىتىگە قايتىپ بېرىشى كېرەك. بالىسىنىڭ تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشى، ئۇلارغا بولغان ئىشەنچىدىن مەڭگۈ ۋاز كەچمەسلىكى لازىم.

## 18. تاغدىكى قارىغايمۇ ياكى تەشتەكتىكى قارىغاي

بىر تەمسىلدە مۇنداق دېيىلگەن: بىر قانچە تەشتەكتىكى قا-

رىغاي تاغدىكى ئۇچى كۆككە تاقاشقان قارىغايلارغا ھەۋەس قىلىپ ھەيرانلىق بىلەن: نېمىدېگەن قالتىس، ئەگەر بىزمۇ مۇشۇنداق ئېگىز ئۆسەلىگەن بولساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! دېيىشىپتۇ.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېشى ئەللىككە يەتكەن بىر قېرى قارىغاي بېشىنى سىلىپ ھەسرەت بىلەن: بالام، غەيرىي خىياللاردا بولما! ئۇ دېگەن تاغدىكى يىل بويى كۆكىرىپ تۇرىدىغان قارىغاي گۈل، بىز ئۇنداق تەلەيلىك ئەمەس، دەپتۇ.

زادى تاغدىكى قارىغاي پەۋقۇلئاددىمۇ ياكى تەشتەكتىكى قارىغاي ئادەملەرنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ ئادەتتىكىچە بولۇپ قالغانمۇ؟

چەت ئەل پسىخولوگلىرى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مۇنداق بىر مەسىلىنى ــ ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەتتىكى ئادەملەر نورمال ئادەملەرمۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ نورمال ئادەملەر ئىكەنلىكى قىل سىغماس ھەقىقەت، ئەجەبا بۇنىڭدا بىرەر خاتالىق بارمىدۇ؟

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى يۇقىرىقى قاراشنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار: ئادەتتىكى كىشىلەر غەيرىي نورمال كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ؛ چۈنكى، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارى ھەقىقىي

تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. يەنى پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن زىرائەت پەۋقۇلئاددە ئەمەس، بەلكى شورلۇقتا تېرىلغان زىرائەت ياخشى تۇپراق مۇھىتىغا ئېرىشەلمىگەن.

كەڭ تەبىئەت قوينىدىكى ساپ ھاۋا ۋە مۇنبەت تۇپراقتىلا بويى كۆككە تاقاشقان چوڭ دەرەخلەر ئۆسەلەيدۇ.

## 19. ئامېرىكىلىق مۇتەخەسسىسنىڭ زېھنى ئۆتكۈر بالىلارنى تاللاپ چىقىشى

ئامېرىكىدىكى بىر پسىخولوگ ئادەتتىكى بىر مەكتەپنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا بارغان، ئۇ: ئەپەندىم، ماڭا سىنىپتىكى ئەقلىي ئىقتىدارى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بالىلارنى تاللاپ بېرەلەمسىز؟ دېگەن.

كۆرسىتىلگەن بالىلارنىڭ بىردىنلا كۆزلىرى نۇرلىنىپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆيلىرىگە قايتىپ: دادا، ئاپا، خۇش خەۋەر، بىر پسىخولوگ مېنى زېھنى ئۆتكۈر بالىكەن دېدى دېگەن. ئاتا - ئانىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكەن. خۇددى بالىسى بىردىنلا تالانت ئىگىسى بولۇپ قالغاندەك، ھەرقانچە قارىسىمۇ بالىسى كۆزىگە باشقىچە ئىسسىق كۆرۈنگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ساۋاقداشلىرى بۇ بالىلارغا

ھەۋەس قىلىشقا باشلىغان، ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلـ-
غان، ئاتا - ئانىسى ئۇلارنى ماختىغان. بالىلار ياخشى بالىمەن دېـ-
گەن ھېسسىياتقا كەلگەن، مەن يارايدىكەنمەن دېگەن ئىشەنچكە
تولغان، تېزلىكتە ئالغا باسقان.

بىر يىلدىن كېيىن، بۇ مۇتەخەسسىس بۇ مەكتەپنى يەنە زىيارەت قىلىپ: ھېلىقى بالىلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ دەپ سورىغان.

مۇئەللىم: ئەھۋالى بەك ياخشى! دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن مۇئەللىم:

— ئەپەندىم، مەن ناھايىتى بەك ھەيران قېلىۋاتىمەن، سىز مەكتىپىمىزگە كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇلار ھەممىسى ئادەتتىكى ئوقۇغۇچىلار ئىدى، سىزنىڭ ئۇلارنى تاللاپ كۆرسىتىپ بېرىشىڭىز بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگەردى؛ سىزنىڭ ئۇلارغا شۇنداق توغرا ھۆكۈم قىلىشىڭىزدا قانداق بىر سىر بار؟— دەپ سورىغان.

مۇتەخەسسىس كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: ھېچقانداق سىر يوق، مەن خالىغانچىلا كۆرسىتىپ قويغان، دېگەن.

مۇئەللىم بۇ گەپتىن تېخىمۇ ھەيران قالغان.

بۇ كىچىك ھېكايە كىشىگە چوڭقۇر ئىلھام بېرىدۇ: ئىشەنچ، ئىلھامنىڭ كۈچى ئىنتايىن زور. كىشىلەر بىر كىشىنى «يارايدۇ» دەپ قەتئىي ئىشەنگەندە ئۇ ھەقىقەتەن «يارايدۇ».

## 20. جۇ تىڭتىڭنى يېڭىۋالدى

قىزىم كىچىك ۋاقتىدا مەن ئۇنى بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردىم. بۇ چاغدا تېلېۋىزوردا تۆت ياشلىق بىر بالىنىڭ 100 پارچە تاڭ دەۋرى شېئىرىنى يادلىيالايدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىش بېرىلىۋاتقان ئىكەن.

دوستۇمنىڭ قىزى تىڭتىڭ بىلەن تەڭ بولۇپ، شۇ چاغدا نۇرغۇن تاڭ شېئىرلىرىنى يادقا ئوقۇيالايدىكەن. دوستۇم شۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىپ كۆرگەنلا ئادەمگە: ئېھتىمال مېنىڭ قىزىممۇ زېھنى پەۋقۇلئاددە بالا بولۇشى مۇمكىن! دەيتتى.

ئاشۇ ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ زېھنى ئالاھىدە ئۆتكۈر بالا بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، مەن پەقەت قىزىمنىڭ تىلى چىقىپ «دادا» دەپ چاقىرىشىنىلا ئۈمىد قىلاتتىم.

ئون يىلدىن كېيىن مېنىڭ قىزىم بىر گاچا بالىدىن زېھنى ئالاھىدە ئۆتكۈر بالىغا ئايلاندى، دوستۇمنىڭ قىزى رەنجىش، تاپا ـ تەنە ئىچىدە چوڭ بولۇپ، بارغانسېرى چېكىنىپ ئىنتايىن ئادەتتىكى بىر بالىغا ئايلىنىپ قالدى.

زادى مېنىڭ قىزىم پەۋقۇلئاددە قىزمۇ ياكى دوستۇمنىڭ بالىسى يېتىشكە تېگىشلىك يۇكسەكلىككە يېتەلمىدىمۇ؟

دوستۇم قىزىغا زادى قانداق مۇئامىلە قىلغان؟ دوستۇمنىڭ قىزى ماقالىنى ياخشى يازالمىغاچقا، قىزنىڭ ئاپىسى تاپشۇرۇق دەپتەرنى يىرتىپ پارە - پارە قىلىۋەتكەن، قىز يىغلاپ جېدەل قىلغان. يىرتىپ پارە - پارە قىلىۋەتكىنى قىزنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرى ئەمەس، بەلكى قىزنىڭ يۈمران، سەبىي قەلبى ئىدى. ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن زەربە نەتىجىسىدە بالىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى بەربات بولۇۋېرىپ، قىز ئاخىرى ئوقۇشتىن قاچىدىغان بولۇپ قالغان.

مەن دوستۇمغا قىزىڭنى مېنىڭ ئۆيۈمگە ئەكېلىپ بەر، مەن بىر تىرىشىپ كۆرەي دېدىم. ئۇ قىز ھەر كۈنى بىزنىڭ ئۆيدە ئۆگىنىشكە كىرىشىپلا كېتىپ، ئۆز ئۆيىگە كېتىشنى خالىمايتتى. مەن ئۆز ۋاقتىدا تىڭتىڭغا تەلىم بەرگەن ئۇسۇل بىلەن ئۇ قىزنى يېتەكلىدىم، ئۇنىڭغا قايىل بولدۇم، ئۇنى رىغبەتلەندۈردۈم.

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ئوقۇشتىن ژىرىككەن بۇ قىز كېيىن ئۆگىنىشكە مەستانىلارچە كىرىشىپ كەتتى.

تىڭتىڭنىڭ ئاجايىپ «قالتىس ماھارىتى»— تېز ئەستە قالدۇرۇش ماھارىتى بار ئىدى. بىر - بىرى بىلەن زادىلا مۇناسىۋىتى بولمىغان نەچچە ئون سۆز بىرىكمىلىرىنى بىر كۆرۈپلا يادلاپ ئالالايتتى، بۇنىڭدىكى ھالقا بالىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى تولۇق قوزغاشتا. مەن بۇ ئۇسۇلنى دوستۇمنىڭ قىزىغا دەپ بېر-

رىپ، ئۆزنى بىر قانچە قېتىم مەشىق قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئۇ قىزنى ئىگىتىنىڭ بىلەن مۇسابىقىگە سالدۇق. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا ئىنگىلىزنىڭ كۆپ سىناقلاردىن ئۆتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشۈشى مۇقەررەر ئىدى. ئەمما نەتىجە كۈتكىنىمىزنىڭ ئەكسىچە بولدى، ئۇ ئىگىتىنگنى يېڭىۋالدى.

بۇ ئىش مېنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى. دوستۇمنىڭ قىزىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى ناھايىتى زور ئىكەن. ھەر بىر بالىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى چەكسىز بولىدىكەن. غەيرىي نورمال بالىلار نورمال دائىرىدىن ھالقىپ كەتكەن بولماستىن، بەلكى نورمال دېيىلگەن بالىلار يېتىشكە تېگىشلىك بولغان يۇقىرى پەللىگە يېتەلمەيدىكەن.

## 21. تۇغما پەرق چەكلىك بولىدۇ، ھاياتنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى چەكسىز بولىدۇ

نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار تۇغما پەرقنى ھە دەپ تەكىتلەيدۇ. مەن تۇغما پەرقنىڭ چەكلىك بولىدىغانلىقى، ھاياتنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ چەكسىز بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيمەن.

بىر ھاياتلىق ئىگىسى ئالدىدا ھە دەپ ئۇنىڭ تۇغما ئىقتىدارىنى تەكىتلەشنىڭ ئەھمىيىتى ئانچە چوڭ ئەمەس. چۈنكى، تۇغ-

ما ئىقتىدار ئوبيېكتىپ بولىدۇ، ھەممىدىن نارازى بولۇش پەقەت ئۈمىدسىزلىككىلا ئېلىپ بارىدۇ.

تەربىيىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئېچىشقا قارىتىش كېرەك. بالىنىڭ روھىي ھالىتى ئەركىن - ئازادە بولۇش، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش لازىم.

ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى زادى قانچىلىك بولىدۇ؟ نۇرغۇن ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، كۆپىنچە ئادەملەر پەقەت مېڭىسىنىڭ 3% ئىقتىدارىنى ئىشقا سالىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئېينىشتېيىندەك مۇشۇنداق چوڭ ئالىمنىڭمۇ مېڭىسىنىڭ پەقەت 5% ى ئىشقا سېلىنغانىكەن. بۇ يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ ئىنتايىن زورلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يەنە بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك كەمتۈكلىرىدىن غەم قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بالىلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك كەمتۈكلۈكى قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى ئەنئەنىۋى بىر تەرەپلىمە قاراش. بالىنىڭ تۇغقانلىرى دىققەت - نەزىرىنى بالىنىڭ چەكسىز بولغان يوشۇرۇن ئىقتىدارىغا قاراتماي، ھەمىشە ئۇنىڭ فىزىئولوگىيىلىك كەمتۈكلىكلىرىگىلا قارىتىۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالىلار روھىي مېيىپلىقنىڭ كۆلەڭگىسىدىن چىقالماي، قوش كەمتۈكلۈكنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا ئازابلىنىدۇ.

ئېينشتېيننىڭ تۆت يېشىدا تىلى چىققانىكەن، مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنمۇ ئۇ بىر كالۋا ئوقۇغۇچى ئىكەن، مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئۇ كەلگۈسىدە چوقۇم يارىماس ئادەم بولىدۇ، دې- گەنىكەن. ئەمما ئۇنىڭ ماشىنىسازلىق ئىنژېنېرى بولغان دادىسى ھەممە ئادەم بالىسىنى كۆزگە ئىلمىغان، بالىسىمۇ مەن بىر دۆت ئىكەنمەن دەپ قارىغان چاغدا، بالىسىنى ئەيىبلىمەي، ئۇنىڭدىن ئاغرىنمايلا قالماستىن، بەلكى بارلىق چارىلەر بىلەن بالىسىنى ئىلھاملاندۇرغان، رىغبەتلەندۈرگەن.

ئېينشتېيننىڭ دادىسى ئۇنىڭغا بىر قاپ ياغاچ كۇبىك ئېلىپ بەرگەن، دادىسى ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېينشتېيننىڭ ئەتراپىدا ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقا بۇيرىغان، ئېينشتېين كۇبىكنى ھەر بىر قېتىم تىزىپ بولغاندا، ھەممەيلەن قىزغىنلىق بىلەن چاۋاك چېلىپ ئۇنىڭغا ئىلھام بەرگەن. ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئاستا ـ ئاستا ئۇيغانغان، ئاخىرى مەشھۇر ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

تىكتىنىڭ چەمبەرنىڭ تۇراقلىق قىممىتىنى ئونلۇق كەسىر چېكىتىدىن كېيىنكى مىڭ خانىسىغىچە يادقا ئوقۇشنى ئۆگىنىلگەندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى تالانت ئىگىسى ئىكەن دېيىشتى، مەنمۇ ئۇنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ ياشتىكى بالىلاردىن يۇقىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ئەمما،

بىر قائچە قېتىملىق ئەقلىي ئىقتىدارنى ئۆلچەش نەتىجىسى 110 ~ 100 ئارىلىقىدا بولۇپ، نورمال دائىرىدە ئىدى. بۇنىڭ بىلەن، تىگتىنىڭ ئۆزىنىڭ تۇغما ئىقتىدارىنى ئادەتتىكىچە ئىكەن، دەپ بىر ئاز ئۈمىدسىزلەندى.

بۇ چاغدا، مەن تىگتىنى ئىلھاملاندۇرۇپ:

— قىزىم، مېنىڭچە بۇ ئەقلىي ئىقتىدارنى ئۆلچەش سىنىقىنىڭ نەتىجىسى بەكمۇ تۆۋەن بولدى، ئۇ پەقەت سېنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىڭ، كۆزىتىش ئىقتىدارىڭ قاتارلىق ئادەتتىكى ئىقتىدارىڭنىلا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ، ھەرگىز سېنىڭ ئىجادچانلىقىڭ، پاراسىتىڭ، تەسەۋۋۇر كۈچۈڭ قاتارلىق يۇقىرى ئەقلىي ئىقتىدارىڭنى ئۆلچەپ بېرەلمەيدۇ. مېنىڭچە سەن بەك ئەقىللىق ئىكەنسەن، شۇڭا سېنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىڭنىمۇ ھەقىقىي ئۆلچەپ چىققىلى بولمىدى، — دېدىم.

تىگتىنىڭ بىردىنلا قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇ يەنە مەن تالانت ئىگىسى ئىكەنمەن دېگەن ھېسسىياتقا كەلگەندى. دېمەك، ئىنساننىڭ روھىي ئېنېرگىيىسى پارتلايدىغان بولسا، تالانت ئۇچقۇنى ئوت ئالىدىغانلا بولسا، بالىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى يانار تاغدەك پارتلاپ چىقىدۇ.

بالىلارنى تەربىيىلەشنىڭ سىرى زادى ئۇرۇشمىكەن ياكى يارايسەن دېيىشمىكەن؟ مەن ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇنى ئاقىلانىلىك

بىلەن تاللىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. سىلەرنىڭ «يارايدۇ» دېگەن بىر سۆزنى ئەستە تۇتۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، بۇ ئەسلىي سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىكى گۆھەر ئىدى.

# بالىڭىزنى قەدىرلەڭ (1)

ئاپتورى: جۇخۇڭ
پىلانلىغۇچى: مىجىت قادىر
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تەرجىمە ئاساسىدا تۈزگۈچى: قادىر راخمان

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۆزەپپەر رازاق
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزىگۈل ئوسمان
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: پاتىگۈل ئىمىن
مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى: ئەنۋەر قاسىم
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2009 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2009 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
فورماتى: 1230 × 880 مم 32 /1 كەسلەم 5 باسما تاۋاق قىستۇرما بەت 2
خەت سانى: 85 مىڭ خەت
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-4637-8
تىرازى: 4000 — 1
باھاسى: 10.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: (0991) 2823055   پوچتا نومۇرى: 830001